# مەكىت دېھقانلار رەسساملىرىدىن













# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2017 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 163 - سان)

## مەكىت ناھىيەسىگە بېغىشلانغان مەخسۇس سان

### دەۋر روھى


باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمىچى» لەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلايلى ...... «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى (1)


### ئادەت قېرىماس


مەكىت خەلقىنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ......... ئادىل نۇرەك (3)
نورۇز ۋە سارغايدى مەشرىپى ........................ ت. ئى. تايماس (35)


### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


مەكىت خەلقىنىڭ قوي مەدەنىيىتى ................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (22)
مەكىت خەلقىنىڭ ئۈۋچىلىق ئادىتى ....................... ئېلى ئېقىل (59)
مەكىت شىۋە سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستېمال مەنىسى ... ئابلاجان مۇھەممەد (62)


### مىراسىمىز


مەكىت قوغۇنى ۋە توغراقلىقتىكى گۆھەرلەر ............ تاش توختى (28)
ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مەكىت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا نەزەر .........
............................................ ئابلاجان مۇھەممەد (45)


### كۆلكە - جان ئوزۇقى


قادىر پاراڭ چاقچاقلىرى ............ توپلىغۇچى: تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (38)





باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەتىمىن (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن
مەمەتيۈسۈپ ياسىن
باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس


مەكتەپ ناھىيەسىدىكى ئىستېمالدىن قالغان ئەنئەنىۋى كەسپلەر ........
........................................ تاش توختى (52)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


خىسلەتلىك پاقا ........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن تىرىك (68)
يىلان مۈڭگۈزى ........................................ (71)


## ئايدىڭ كېچىلەر


مەكتەپ دولان قوشاقلىرى .................... توپلىغۇچى: قادىر پاراڭ (70)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 34 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆز ئىنىڭ 34 يىللىق شانلىق تارىخىدا 163 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 34 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: خۇرسەنئاي مەمتىمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەرىيەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «توغراق»
مۇقاۋىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-بەتتىكى سۈرەتلەرنى روزىتوختى تۇرسۇنىياز لايىھىلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


保护文化遗产
捍卫精神家园

主编：
木合塔尔·买买提
(编审，法人代表)
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
买买提玉素甫·牙生
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمچى»لەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلايلى

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش ئازادلىققا ئېرىشىپ دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاندى. سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بىز ھەر ۋاقىت پارتىيەدىن مىننەتدار بولۇپ، مۇستەھكەم ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بولۇشىمىز لازىم. ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بولالايمىز.

پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى، مەركەزنىڭ 2-قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇنى توپ مىزانغا ئىگە قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، باش نىشانى ھەر ۋاقىت كۆڭۈلگە پۈكۈپ، چىڭ تۇتۇپ، ھەرىكەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش قەسەمياد يىغىنلىرى 23 مىليوندىن ئارتۇق شىنجاڭ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى كۈچلۈك ئۇرغۇتتى.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق قۇرۇپ چىققان دۆلەت. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقى ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ بىرىكمە كۈچى شەكىللەنسە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا يۈزلىنىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىش-ئۇيۇشۇش، ئورتاق كۆرەش قىلىپ ئىلگىرىلەش تارىخى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىنىڭ توپ ئۇل تېشى، شۇنداقلا 1 مىليارد 300 مىليوندىن كۆپرەك جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، «ئۈچ خىل

كۈچ»كە قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ، جۈملىدىن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ كونكرېت جانلىق ئىپادىسى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا يېتىشكە قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇپ ئارقا-ئارقىدىن ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، دادىل ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ھەممە كىشى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرىدىغان، باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋە باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمچى»لەرگە قارشى قەتئىي ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش پائالىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

2017.5

باش نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان دانا، توغرا تەدبىردۇر. شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئاسان قولغا كەلمىگەن، بىز بۇنى چوقۇم ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن باش نىشانى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. باش نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى 1-دەرىجىلىك مۇھىم ئىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ھازىرقى كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش نىشانى چۆرىدەپ تۈزگەن خىزمەت پرىنسىپى، خىزمەت تەسەۋۋۇرى، سىياسەت-تەدبىرلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زوراۋان-تېررورچىلارغا قارىتا يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ كەسكىن جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز باش نىشانى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلىسەكلا، بارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشقا چېتىلىدىغان چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە، بايرىقىمىز روشەن ھالدا سىياسىي پوزىتسىيەمىزنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە، «ئىككى يۈزلىمچى»لەرگە ۋە «ئىككى يۈزلىمچىلىك»كە قارشى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىشىمىز سىياسىي ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرغانلىقىمىز ۋە سىياسىي ئېتىقادىمىزنى شەرھلىگەنلىكىمىزنىڭ روشەن بەلگىسى، شۇنداقلا سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىنىڭ تەلىپى. ھازىرقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى كەسكىن، مۇرەككەپ، ئۆتكۈر كۈرەش ۋەزىيىتىدە ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، جۈملىدىن قەلەم ئەھلى باشتىن-ئاخىر كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى، قەتئىي تەۋرەنمەسلىكى، قىلچە مۈجمەللىك قىلماسلىقى كېرەك. شەكىلۋازلىق قىلماي، «ئۈچ خىل كۈچ»كە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە، «ئىككى يۈزلىمچى»لەر، «ئىككى يۈزلىمچىلىك»كە قەتئىي قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان پارتىيە 19-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى ۋە يېتەكلىشى ئاستىدا شىنجاڭنى چوقۇم ئىناق-ئىتتىپاق، باي-باياشات، مەدەنىي، تەرەققىي قىلغان، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا يېتىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇپ، ياخشى روھىي قىياپىتىمىز ۋە خىزمەتتىكى ئەلا نەتىجىمىز بىلەن پارتىيە 19-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى!

تەييارلىغۇچى: **نۇرنىسا باقى**



# مەكىت خەلقىنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى

ئادىل نۇرەك

## توي- تۆكۈن ئادەتلىرى

مەكىت خەلقى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەريا-سىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىنىدىكى بوستانلىقلاردا چارۋىچە-لىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ ئىككى دەريادىن ئىبارەت تەبئىي توساق-نىڭ تەسىرىدە، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن ئاز ئۇچرىغاچقا ئۆرپ- ئادەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىر قىسىم يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يول- قاتناش، ئۇچۇر- ئالاقە سىستېمىلى-رىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئۆرپ- ئادەتلەردە بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەسلىدى-كى بىر قىسىم خاسلىقلارنى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلمەكتە.

مەكىت خەلقىنىڭ توي- تۆكۈن پائالىيەتلىرى يەتتە باسقۇچ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇلار: 1. قىز سوراش 2. تويلۇق ئېلىپ بېرىش 3. ئاش سۈيى ئېلىپ بېرىش 4. قىز كۆچۈرۈش 5. يوقلاق 6. چىللاق (قىز تەرەپ) 7. چىللاق (ئوغۇل تەرەپ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۆۋەن-دە بۇ باسقۇچلارنىڭ ئورۇندىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتلەردە تەپسىلىي توختىلىمىز.

1. قىز سوراش. مەكىت خەلقى ئارىسىدا ئوغۇل-



قىزلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى ئىزچىل چەكلىنىپ كەلگەن. ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى ئەمەس ئادەتتە خالىي جايدا مۇڭداشقان ئەر-ئاياللارمۇ جامائەتچىلىكنىڭ ئىنزاسىغا ئۇچرايدۇ. تاسادىپىي مۇشۇنداق ئەھۋاللار بولۇپ قالسا يولدىن چىققان قىز ياكى يولدىن چىققان ئوغۇل دەپ ئاتىلىپ شۇ ئائىلە ھەتتا شۇ جەمەت، شۇ يۇرتنىڭ ئابرۇيى، ئىناۋىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدىغان بولغاچقا چوڭلار ئادەتتە بۇنداق ئىشلارغا بەكلا دىققەت قىلىدۇ.

ئېھتىياج يۈزىسىدىن قىزلار توققۇز ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن يىراق جايلارغا، قوناقلىقلاردىن ئوت ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا يالغۇز ئەۋەتىلمەيدۇ. قىز-ئوغۇللارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى مۇشۇنداق چەكلەنگەن بىلەن قىز-ئوغۇل پەقەتلا يۈز كۆرۈشمەي مەجبۇرىي توي قىلىدىغان ئىشلار بولمايدۇ. ئادەتتە تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوبيېكت تاللاش، ئۇچراشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن قىز-ئوغۇللارنىڭ رازىلىقى بىلەن توي قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئوبيېكت تاللاش ئۇسۇلى ئادەتتە بىۋاستە تاللاش ۋە ۋاستىلىك تاللاش، جەمەت ئارقىلىق تاللاش دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1) بىۋاستە تاللاش: مەكىت خەلقى توي-تۆكۈنلەردە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەر-ئاياللار ئورتاق بىر سورۇندا پائالىيەت قىلىدىغان بولغاچقا يۇقىرىقىدەك كوللېكتىپ پائالىيەت سورۇنلىرى يىگىت-قىزلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن يىراقتىن ئۇچرىشىپ ئوبيېكت تاللاشتىكى سورۇنى بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق پائالىيەتلەر جەريانىدا يىگىت-قىزلار بىر-بىرى بىلەن يىراقتىن كۆز ئېتىشىپ چىراي، يۈرۈش-تۇرۇشى جەھەتتىن كۆڭلىگە ياققان ئوبيېكتلارنى تاللايدۇ-دە، دوستلىرى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ تېگى-تەكتى ۋە ئەھۋالىنى ئۇققۇشىدۇ، ئاتا-ئانىسىغا سۆز بېرىپ قارشى تەرەپ بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمەتى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىسىلا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە قىز سوراشقا بېرىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

2) ۋاستىلىك تاللاش. بۇ خىل ئۇسۇلدا يىگىت تەرەپنىڭ ئايال تۇغقانلىرى (ئانىسى، ئاچا-سىڭىللىرى) ئاياللار پائالىيەت قىلىدىغان تۈرلۈك سورۇنلار (توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، ۋە باشقا ئاياللار توپلاشقان مېھماندارچىلىق ئولتۇرۇشى، چايلار)دا بويىغا يەتكەن قىزلارنى كۆرۈپ باھالاپ ئۆز قېرىندىشىغا ماس كېلىدىغان دەپ قارىغانلىرىنى تاللايدۇ. (شۇڭا بۇنداق سورۇنلارغا بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ئانا، ئاچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئالاھىدە ياساندۇرۇپ تەييارلىق بىلەن كېلىشىدۇ) ۋە ئۇرۇق-تۇغقان جەددى-جەمەت سۈرۈشتۈرۈپ ئالاھىدە قارشىلىق سەۋەبى بولمىسىلا قىز تەرەپنىڭ رايىنى سىناپ ئوغۇل-قىزنى ئۇچرىشىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش قىز ياكى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيلىرىدە ياكى سىرتتىكى ئاشخانا قاتارلىق جايلاردا قىز-يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، قىز-يىگىت ئۇچراشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشقىچە پىكرى بولمىسا ئوغۇل تەرەپ قىز سوراش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ.

3) جەمەت سۈرۈشتۈرۈپ ئوبيېكت تاللاش. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئوغۇل-قىز تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان جەمەتىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەدەپ-ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەتلەرگە رىئايە قىلىدىغان جەمئىيەتتىكى ئورۇن، بايلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆز جەمەتىگە ماس كېلىدۇ، دەپ قارىغانلىرىنى ئوبيېكت تاللاپ قىز-ئوغۇل ئۇچرىشىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. (بۇنداق تاللاش ئادەتتە ئۇرۇق-تۇغقانلار ياكى مەھەللە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا كۆپىنچە قىز-ئوغۇللار بىر-بىرىنى تونۇيدىغان بولۇپ چىقىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا قىز-يىگىت ئۇچرىشىشى ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ). قىز-يىگىتلەرنىڭ باشقىچە پىكرى بولمىسا ئوغۇل تەرەپ قىز سوراش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تەييارلىقلار ئىشلىنىپ ئوبيېكت بېكىتىلگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە قىز سوراش ئۈچۈن بارىدۇ. ئادەتتە قىز سوراشقا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئانىسى ياكى ئاچىسى (يەڭگىسى) بولۇپ بىردىن ئىككىگىچە ئايال بارىدۇ. (تويدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇنداق ئىشلار ئادەتتە بىر قەدەر مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا تويدىن بۇرۇن ئۇششاق-چۈششەك گەپلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىپ توي بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىشلارغا كۆپ ئادەم ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ). قىز-ئوغۇللار بىۋاستە ئوبيېكت تاللىغاندىن باشقا ئەھۋاللار يەنى ئانىسى-ئاچىلىرى ۋاستىلىك تاللىغان ياكى

جەمەت بويىچە ئۇبيېكت تاللىغان ئەھۋالدا بىرىنچى قېتىمدىلا پۈتۈشۈپ تويلۇق ئەكىرىشكە تەييارلىق قىلىنىدۇ. بىۋاستە ئۇبيېكت تاللىغان ئەھۋالدا بىرىنچى قېتىمدا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە قىزى ۋە ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئوغۇل تەرەپ ئىككىنچى قېتىم بارغاندا قوشۇلىدىغان- قوشۇلمايدىغانلىق جاۋابىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى قېتىمدىمۇ ئېنىق جاۋاب ئالالمىسا ئوغۇل تەرەپ ئۈچىنچى قېتىم قىز سوراپ بارىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئېنىق جاۋاب ئالالمىسا قارشى تەرەپنىڭ رايى يوق ئىكەن، دەپ قارىلىپ باشقا ئۇبيېكت تاللاشقا چۈشىدۇ. ئادەتتە قىز سوراشنىڭ قېتىم سانى ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

2. تويلۇق ئېلىپ بېرىش. قىز سوراش باسقۇچى ئاخىرلىشىپ ئىككى تەرەپ رازىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ مەلۇم بىر خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ قىز تەرەپ ئائىلىسىگە تويلۇق ئېلىپ بېرىشقا بارىدۇ. تويلۇق ئېلىپ بېرىشقا ئادەتتە سىرتتىن ئادەم قاتناشتۇرۇلماي يىگىت تەرەپنىڭ جەمەت چوڭى، ئاتا- ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئون- ئونبەشكىچە ئادەم بارىدۇ. تويلۇق ئۈچۈن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا توققۇز دانە نان، ئىككى بولاق چاي، ئىككى بولاق تۇز قاتارلىق نەرسىلەرگە بىر نەچچە پارچە رەخت ۋە ئاياغ قوشۇپ ئېلىپ بېرىلغان بولسا، ھازىر ئۈزۈك، زەنجىر قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىمۇ قوشۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. تويلۇق ئېلىپ بېرىلغان كۈنى قىز تەرەپ ھۆل- قۇرۇق يەل- يېمىش، مېۋە- چېۋىلەر بىلەن داستىخاننى مول قىلىپ ئۈچ خىل تاماق قىلىپ ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلىدۇ. (بۇ سورۇندا قىز تەرەپنىڭ ئۆي تۇتۇشى، تاماق ئېتىشلىرى، داستىخان راسلاشلىرى ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى تەرىپىدىن بىرەر قۇر باھالىنىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئالدىغا مۇۋاپىق چىقالمىسا ياكى مېھماندارچىلىق جەريانىدا كۆڭۈلگە تەگكۈدەك سەۋەنلىكلەر سادىر بولسا توي ئىشى مۇشۇ باسقۇچتا توختاپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنداق ئىشلاردا ھەر ئىككى تەرەپ، بولۇپمۇ قىز تەرەپ ئالاھىدە سەگەكلىك بىلەن ئىش تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ). تويلۇق ئاپىرىلغان سورۇندا توي ۋاقتى ۋە ئاش سۈيى ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋاقىت، ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇيۇملار، ئادەم سانى قاتارلىقلار ئۆزئارا كېڭىشىش قىلىپ بېكىتىلىدۇ، تويلۇق ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ توي تەييارلىقلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

3. ئاش سۈيى ئاپىرىش، تويلۇق ئېلىپ بېرىلىپ تەخمىنەن ئون بەش كۈندىن كېيىن قىز ئائىلىسىگە ئاش سۈيى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاش سۈيىگە ئادەتتە قىز كۆچۈرۈش كۈنى ئىشلىتىلىدىغان راسخوتلار (يەنى قوي، گۈرۈچ، سەۋزە، ياغ، تۇز، چاي) ۋە قىز تەرەپكە ئېلىنىدىغان تويلۇق ماللار (كىيىم- كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى) ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4. قىز كۆچۈرۈش. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق ئېلىپ بارغان كۈنى مۇزاكىرە قىلىشىپ خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ قىز كۆچۈرۈلىدىغان كۈننى بېكىتىدۇ. ئادەتتە بۇ كۈن ئوغۇل قىزنىڭ رەسمىي توي كۈنى بولىدۇ. بۇ كۈننى بېكىتىشتە ئاساسلىقى قىز تەرەپنىڭ پىكرى ئاساس قىلىنىدۇ. قىز كۆچۈرۈلىدىغان كۈنى توي ئادەتتە قىز تەرەپ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويغا قىز تەرەپنىڭ تونۇش- بىلىش، ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەر، قولۇم- قوشنىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق قاتنىشىدۇ. چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى چۈشتىن كېيىن قۇدىلار يېتىپ كېلىدىغان ۋاقىتقىچە قىز تەرەپ ئۇرۇق- تۇغقان، تويغا كەلگەن تونۇش- بىلىشلەر بىر تەرەپتىن تاماق تەييارلاپ قۇدىلارنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل- مەشرەپلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تويىنى قۇتلۇقلىشىدۇ. (بۇرۇنقى مەزگىللەردە مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئوغلاق تارتىشىش، توخۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى، كېيىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل پائالىيەتلەر ئانچە كۆپ ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى). ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق- تۇغقانلار ۋە ئوغۇلنىڭ دوست- بۇرادەرلىرىنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەر، قولۇم- قوشنىلارنى ئېلىپ قىز تەرەپكە قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ، ئوغۇل تەرەپ قىز كۆچۈرگۈچىلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قىز تەرەپ ساھىبخانىلار مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ تارتىدۇ. (بۇنىڭدا چوقۇم

قۇدا ئوغۇل تەرەپ قۇدىنىڭ، ئايال قۇدا ئوغۇل تەرەپ
ئايال قۇدىنىڭ، شۇنداقلا بۇرۇنقى قۇدىلىرىنىڭ قولىغا
ئۆز قولى بىلەن سۇ بېرىشى كېرەك). تاماقتا دەسلەپتە
قورداق، ئاندىن كېيىن پولۇ تارتىلىدۇ. پولۇ تارتىشتا
ئاۋۋال گۆش بېسىلمىغان پولۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇ-
لىدۇ، ئاندىن پولۇ ئۈستىگە بېسىلىدىغان گۆش ئۇچا شەك-
لىدە سورۇنغا ئېلىپ كىرىلىپ يۇرتتا يۈزلۈك، گەپكە
ئۇستا، ئاۋازى ياڭراق چىقىدىغان بىر كىشى چىقىپ
توينىڭ مەقسىتىنى ئېلان قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ-
چىلارنى مېھمانلارنىڭ نامىغا ئاتاپ بىر-بىرلەپ ئېلان قى-
لىدۇ. (ئادەتتە چوڭ چايغا كەم دېگەندە ئىككى ئۇچا
ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۇچۇن بىر، قىز تەرەپ
ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۇچۇن بىر ئۇچا تەييارلىنىدۇ. بىر
قىسىم ئۇرۇق-تۇغقانلىرى كۆپ، جەمئىيەتتە ئارىلىشىش
دائىرىسى كەڭرەك كىشىلەر ئۇچىنى كۆپرەك تەييارلايدۇ،
كۆپ بولغاندا ئون بەش، يىگىرمە ئۇچا سورۇندىن ئۆت-
كۈزۈلىدىغان تويلارمۇ بولىدۇ. ئوتتۇرىدىن ئۆتكۈزۈلىدى-
غان ئۇچىلار ئاتالغان كىشىلەرنىڭ نامى بويىچە پالانى
يەردىن كەلگەن پالانى باشلىق ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياكى
مېھمانلارغا بىر پىيالە چاي دېگەندەك نام بىلەن ئېلان
قىلىنىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ، بىر پىيالە چاي بىر ئۇچىغا ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ). ئاندىن كېيىن گۆش پارچىلايدىغان
مەخسۇس كىشىلەر (بۇنداق كىشىلەر يەرلىك تىلدا بۆكەل
دەپ ئاتىلىدۇ) ھەر بىر ئاتالغان ئۇچىغا شۇ مېھمانلار ئا-
رىسىدىن بىردىن چىقىپ گۆشنى پارچىلاپ مېھمانلارنىڭ
ئالدىدىكى پولۇ ئۈستىگە تارقىتىدۇ. بارلىق مېھمانلارنىڭ
ئالدىغا گۆش تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاشقا تەكلىپ
قىلىنىدۇ. (بۇ ئادەتتە يەرلىك تىلدا چوڭ چاي دەپ ئاتى-
لىدۇ). چوڭ چايدىن كېيىن بارلىق توي ئىشتىراكچىلىرى
يوغان بىر داستىخان ئەتراپىغا يىغىلىپ تويغا داستىخان
قويۇش باشلىنىدۇ، سورۇن باشقۇرغۇچى ئوتتۇرىغا چىقىپ
ئاۋۋال ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئېلىپ كەلگەن تويدۇ-
لۇقلارنى بىر-بىرلەپ سورۇن ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندىن
كېيىن ئاۋۋال قىز تەرەپ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ تويغا
ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن داستىخانلىرىنى ئاندىن ئوغۇل
تەرەپ قۇدىلارنىڭ داستىخانلىرىنى ئېلان قىلىپ سورۇن-
دىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزىدۇ. داستىخانغا ئادەتتە قۇدىلار
داستىخانلىق بۇيۇمغا قوشۇپ توققۇز نان، باشقا ئۇرۇق-

تۇغقانلار تۆتتىن نان قويىدۇ. ئاتاشتا ھەممىسى بىر دەك
بىر توققۇز نان دەپ ئاتىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە
مېھمانلار بىردەك ھەرخىل رەخت، گىلەم، يوتقان-كۆرپە
قاتارلىق بۇيۇملارنى قوياتتى، كېيىنكى مەزگىللەردە ناھىيە
بازىرىدا كۆپىنچە نەق پۇل قويۇلىدىغان ئىشلار ئومۇمە-
لاشتى. يېزىلاردا بولسا يەنىلا ئاساسلىق قىلىپ رەخت قو-
يىدىغان ئىشلار ساقلىنىپ كەلمەكتە، مېھمانلار داستىخان
قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى
ئوغلىنىڭ تويىغا ئاتاپ تەييارلىغان تويلۇق سوۋغاتلار سو-
رۇندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. (قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە
ئېسىل رەختتىن بىر دانە بەلباغ تەييارلايدۇ، ئاندىن
كېيىن ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوست-بۇرادەر-
لىرى ئوغۇلغا ئاتاپ بەلباغ تاشلايدۇ، بەلباغلار تاكى تۇ-
گىگىچە ئوغۇلنىڭ بېلىگە قات-قات قىلىپ باغلىنىدۇ، يېقىن-
قى مەزگىللەردە بەلباغ ئورنىغا پۇل قويىلىدىغان بولدى،
ئاخىرىدا سورۇن ئەھلى قىز-ئوغۇلنى بىر يەرگە ئېلىپ
كېلىپ نىكاھ ئوقۇتۇلىدۇ. نىكاھتىن كېيىن يىگىت تەرەپ-
نىڭ ئاتا-ئانىلىرى بارلىق توي ئەھلىنى ئەتىكى يوقلاققا
قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئاندىن بارلىق توي
ئەھلى قىز-يىگىتنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ قىز كۆچۈ-
رۈپ مېڭىلىدۇ. بۇرۇن قىزنى مەخسۇس بېزەلگەن ئاتقا
مىندۈرۈپ، قىز-ئوغۇلنىڭ دوستلىرى بىرلىكتە تاكى ئو-
غۇلنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە ناخشا-قوشاقلارنى ئېيتىشىپ بې-
رىلىدىغان ئادەتلەر بولغان (بۇ يەرلىك تىلدا جىرغىلاڭ
توۋلاش دەپ ئاتالغان). كېيىن بۇ خىل ئادەتلەر ئەمەل-
دىن قېلىپ يىگىت قىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ يۆت-
كەيدىغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەپە-ھارۋىلاردا يۆتكەيدى-
غان، يېقىنقى يىللاردا بولسا مەخسۇس بېزەلگەن توي ما-
شىنىسىدا يۆتكەيدىغان ئادەتلەر ئومۇملاشتى. يۆتكەش
جەريانىدا يول ئۈستىگە ئۈچ، بەش، ياكى يەتتە يەرگە
(ئاساسلىق يول كۆۋرۈك ئېغىزلىرىغا) باللار ئارغامچا
تارتىپ يول توسىدۇ. قىز تەرەپ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
باللارغا رەخت ياكى قەنت-گېزەكلەرنى بېرىپ رازى قىلغان-
دىن كېيىن يولنى ئېچىۋېتىدۇ، بۇ شۇ يىگىت قىزنىڭ بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە يولۇققان قىيىن ئۆت-
كەللەردىن بىرلىكتە تىرىشىپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىل-
غانلىقىدەك ياخشى تىلەكلەرنى ئىپادىلەيدۇ. قىز كۆچۈ-
رۈلۈپ يىگىتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگىنىدە يىگىتنىڭ ئۆ-
يىدىكىلەر ئىشىك ئالدىغا ئالدىن يېقىپ تەييارلاپ قويغان

گۈلخاندىن ئاتلاتقۇزۇلىدۇ. بۇ شامان دىنىدىن قالغان ئادەت بولۇپ قىزغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قىز-يىگىتنىڭ ئېجىل-ئىناق، ئامراق ئەر-خوتۇنلاردىن بولۇپ ئۆتۈشىگە، قىزنىڭ ئائىلىگە مېھرىبان، قېيىنئاتا-قېيىنئانىلىرىغا كۆيۈمچان بولۇپ ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. قىز ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن توي كۆچۈرۈشكە قاتناشقانلار ئۆيگە يىغىلىپ قىز-يىگىتنىڭ بىر ئۆمۈر بەختلىك ئۆتۈشىنى تىلەيدۇ. (قىز ئولتۇرغان كۆرپىنىڭ تېگىگە تاش باسۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇ قىزنىڭ بۇ ئائىلىدە تاشتەك ئېغىر بولۇپ مەڭگۈ ئولتۇرۇشىغا سىمۋول قىلىنغان بولىدۇ). ئاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئانىسى ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش بىلەن بىللە بىر نەچچە كۆپلىت قوشاق ئېيتىپ قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ ۋە ئالدىغا يۈز ئاچقۇغا مەخسۇس تەييارلىغان ئىرەملىك رەختنى قويىدۇ. ئاندىن سورۇن ئەھلى بىردەك قىز-يىگىتنى مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىدۇ، بۇ ئارىلىقتا يىگىتنىڭ دوستلىرى يىگىتنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ قىز تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بىر ياكى بىر نەچچە پىيالىنى چېقىشىدۇ. (بۇ قىز بىلەن يىگىتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش جەريانىدا جېدەل-ماجىرا، چېقىل-چۇقۇللاردىن خالىي بولۇپ ئۆمەرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىنچ-ئامان كۈن كەچۈرۈشنى تىلەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ). توي كۆچۈرگۈچىلەر تارقىغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ بىر قىسىم يېقىن تۇغقانلىرى ۋە قوشنىلىرى بىرلىكتە سەۋزە قەلەم ئېتىشىپ ئەتىكى يوقلاقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدا 90-يىللاردىن كېيىن ئەتىگەندە نىكاھنى ئوقۇۋېتىپ قالغان ئىشلارنى ئىلگىرىكى تەرتىپ بويىچە قىلىدىغان ئىشلار بارا-بارا ئومۇملىشىشقا باشلىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىنالىششىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تويلارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ مەرىكە زالللىرىدا ئۆتكۈزۈلۈشكە قاراپ يۈزلەنگەندىن كېيىن بىر قىسىم مېھمانلارنىڭ ئورۇن سەۋەبىدىن ئالدىن ئۇزاپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبلىك تويدا ئېتىلىدىغان تاماق لەگمەن بىلەن ئاش مانتىغا ئۆزگەردى.

5. يوقلاق. قىز كۆچۈرۈلۈپ ئەتىسى يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان توي يەرلىك تىلدا ئومۇملاشتۇرۇپ يوقلاق دەپ ئاتىلىدۇ. يوقلاق بولىدىغان كۈنى ئەتىگىنى قىز تەرەپتىن سەككىزدىن ئون نەپەرگىچە ئايال يەڭگە يۆتكەگلى يىگىت تەرەپ ئۆيىگە كېلىشىدۇ. يىگىت تەرەپمۇ مول داستىخان ھازىرلاپ بۇ مېھمانلارنى لايىقىدا مېھمان قىلغاندىن كېيىن ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا سوۋغاتلىق رەخت قويىدۇ ۋە ئامانلىق تىلەپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە بارلىق تويغا چاقىرىلغان مېھمانلار تويغا كېلىشكە باشلايدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ قىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ سائەت ئىككى ئەتراپىدا يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىگە يوقلاققا كېلىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۇسۇلىمۇ قىز كۆچۈرۈشتە قىز تەرەپنىڭ كۈتۈشىگە ئوخشاش بولىدۇ. مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن داستىخان قويۇشتىن ئىلگىرى قىز تەرەپنىڭ يوقلاق ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىق بۇيۇملىرى ئېلان قىلىنىپ سورۇندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇلار ئاساسەن بىر نەچچە تەخسە تۇخۇم، ناۋات، قوماچ، ئالما-ئامۇت، مانتا قاتارلىقلار بولۇپ ئادەتتە ئون ئىككى لېگەندىن ئون سەككىز لېگەنگىچە بولىدۇ. ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىر تەخسە تۇخۇم يىگىتكە ئېلىپ قويۇلغاندىن باشقا قالغان نەرسىلەر سورۇندىكى ئەرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ داستىخىنى سورۇندىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قىز-ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارغا تارقىتىدۇ. قىز تەرەپ قايتىشتىن بۇرۇن ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق-تۇغقانلارنى چىللاققا بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، قىزنىڭ ئانىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى قىز بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلىشىپ چىقىدۇ، ئاندىن توي ئاخىرلىشىدۇ.

6. چىللاق (قىز تەرەپ). يوقلاقنىڭ ئەتىسى يىگىت تەرەپ تۇغقانلار قىز تەرەپكە چىللاققا بارىدۇ. تەخمىنەن ئوتتۇزدىن ئەللىككىچە كىشى قاتنىشىدۇ. چىللاققا بېرىشتىن بۇرۇن يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى يېڭى كېلىنگە بىر قۇر يېڭى كىيىم كېيدۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ. چىللاقنىڭ مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى ئاش سۈيىنىڭگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمىدۇق.

7. چىللاق (ئوغۇل تەرەپ). قىز تەرەپ چىللىقىنىڭ ئەتىسى قىز تەرەپ تۇغقانلار ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە چىللاققا بارىدۇ. بۇ چىللاقنىڭ مېھماندارچىلىق يوسۇنى ۋە ئادەم سانى قاتارلىقلارمۇ قىز تەرەپ چىللاقنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. چىللاققا بارغاندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى يېڭى كۈيئوغلىغا ئاتاپ بىر قۇر يېڭى كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت قويىدۇ.

# ئۆي سېلىش ئالاھىدىلىكى

## 1. ئۆي ئورنىنى تاللاش

مەكت خەلقى ئۇزاق يىل مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنىڭ نەملىكىنىڭ ئىنسانىنىڭ ساغلاملىقى ۋە سېلىنغان ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ چىدامچانلىقىغا ۋە ئۆمرىگە بىۋاستە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولغاچقا نەملىكتىن، زەيدىن قېچىش ۋە يىراق تۇرۇشنى ئولتۇراق ئۆي ئورنىنى تاللاشتىكى بىرىنچى ئۆلچەم قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، باغ، ئورمان ئەھيا قىلىشقا كۆل ۋە ئىچىملىك سۇنىڭ قولاي بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىغا يېقىن، سۈيى ئەلۋەك، ئورنى بىر قەدەر ئېگىز دۆڭلۈكلەرنى ئۆي ئورنى قىلىپ تاللاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئەگەر ئوبيېكتىپ شارائىت تەپەيلىدىن ئورنى بىر قەدەر پەس، ئوخاي زەي ئۆرلەيدىغان ئورۇنلارغا ئۆي سېلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئۆي ئورنىنى قۇرۇق قۇم بىلەن مۇۋاپىق ئېگىزلىككە يەتكۈچە ئېگىزلىتىپ (بۇ يەرلىك تىل بويىچە ئۆي ئورنىنى كۆتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ). ئاندىن تام ئۇلىنى قوپۇرىدۇ. ئۆي ئەتراپىغا جىگدە ۋە تېرەك كۆچەتنى ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ، ئىھاتە قىلغان. ئۆي ئەتراپىغا يەنە ئېغىل-قوتاندىن باشقا باغ ۋە گۈللۈكلەرنى بەرپا قىلغان. مەخسۇس كۆل چاپتۇرۇپ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

## 2. ئۇل بېسىش

ئۆي سېلىنىدىغان ئورۇن ۋە باغ ئورنى بېكىتىلىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈزلىنىپ، تەكشىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە ئۇل بېسىلىدۇ. ئۆينىڭ ئۇلىغا پىششىق خىشتىن بىر نەچچە قۇر ئۇل قويۇلغاندىن كېيىن ئۇلنىڭ ئۈستىگە زەي ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قومۇشنى ئۇلنىڭ كەڭلىكىدە كېسىپ بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىتىش ئارقىلىق زەي مۇداپىئە قەۋىتى ياسىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق تام پۈتكەندىن كېيىن ھۆل زەي (يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆرلەپ ۋە ياكى يامغۇر سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىپ بولالماسلىقىدىن تامغا ئىشلىتىلگەن كېسەك ۋە لايلارنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىپ سۇۋاقلارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش ۋە تامنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ھادىسىسى)، قۇرۇق زەي (ئۆي ئورنىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قۇرغاق بولۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن تامغا ئىشلىتىلگەن كېسەك ۋە ياكى لايلارنىڭ نەملىكىنى ئۆي ئورنىدىكى قۇرغاق تۇپراق سۈمۈرۈۋېلىش نەتىجىسىدە سۇۋاقلارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش ۋە تامنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ھادىسىسى) چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئۆي تېمىنىڭ ئۇلى ئادەتتە ئۆي سالغۇچىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەش قۇردىن توققۇز قۇرغىچە قويۇلىدۇ. پىششىق خىش ئىشلىتىلىش ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن خىش ئورنىغا توغراق ياغىچى ئىشلىتىلگەن. ھويلا تېمىنىڭ ئۇلى ئادەتتە ئۈچ قۇر ئەتراپىدا بولىدۇ. سېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئېغىز سانىمۇ ئادەتتە ئۈچ ئېغىز، بەش ئېغىز، يەتتە ئېغىز بويىچە بولىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا ئىككى، تۆت، ئالتە ئېغىزلىق ئۆيلەر ئانچە كۆپ سېلىنمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قومۇش ئورنىغا زەي قەغەز، سولياۋ يوپۇق قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدىغان، 2000-يىللاردىن كېيىن بولسا بېتون ۋە شېغىل بىلەن تام ئۇلىنى قۇيىدىغان ھەتتا پولات چۈنقىلار بىلەن تۇقۇپ، شېغىل ۋە بېتون بىلەن قۇيۇپ، تام ئۇلى قىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

## 3. تام سېلىش ئۇسۇللىرى

مەكت ئۆيلىرىنىڭ تېمىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللىرى ۋە سېلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن كۆپ خىل تۈرلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) تۆيزە تام — بۇ خىل تامنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى سۆگەت بادرىسىنى يېرىش ياكى تىلىش ئارقىلىق، تېرەك شاخلىرى ۋە يۇلغۇن شاخلىرىنى بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتا كەسلەش ئارقىلىق تەييارلانغان تۆيزە بولغاچقا تۆيزە تام دەپ ئاتالغان. تام ئۇلى ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئۇسۇللار بويىچە تەييارلانغاندىن كېيىن ئۇل ئۈستىگە ئۇزۇن-قىسقىلىقى سېلىنىدىغان تام بىلەن ئوخشاش قىلىنىپ چاسلانغان ياغاچ قويۇلىدۇ. (ئادەتتە يەرلىك تىلدا زەگىندە دەپ ئاتىلىدۇ). بىر مېتىرغا بىردىن تۆشۈك تېشىلىپ تۈۋرۈك توختىتىش ئورنى قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تال تۈۋرۈك تىكلىنىپ قىياش تارتىلغان

ياغاچ بىلەن مىخلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، (قىيپاش تارتىلغان ياغاچ تامنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە تېرەپ تۇرۇش رولىنى ئۆتەيدىغان بولغاچقا چىداملىق ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلىتىلىدىغىنى، كۆچلۈك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغاچقا قاۋان دەپ ئاتالغان) ئاندىن ئۈستىگە تامنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ كېلىدىغان ياغاچ چىقىرىلىدۇ. بۇ ياغاچ سىنجا دەپ ئاتىلىدۇ سىنجىنىڭمۇ ھەر بىر مېترىغا بىردىن تۆشۈك تېشىلىدۇ. تېشىلگەن تۆشۈكنىڭ ئورنى زەگىندىگە تېشىلگەن تۆشۈك بىلەن ئۇدۇل قىلىنىدۇ. ئاندىن تۆشۈكلەرگە ئىككى تەرەپى ئۇچلانغان تۇۋرۇكلەر ئورنىتىلىدۇ. تۇۋرۇكنى ئۇچلاش تۇرۇم چىقىرىش دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتىكىدەك قوزۇق شەكلىدە ئۇچلانماستىن ياغاچنىڭ ئەتراپى ھەرىدىلىپ چۆرىسىدىكى قىسمى كەكە بىلەن چېپىپ چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇچلىنىدۇ. تۇۋرۇكلەرگىمۇ بەشتىن يەتتىگىچە تۆشۈك تېشىلىپ كەتمەن سېپى چوڭلۇقىدىكى سۆگەت ياغىچى قوزۇق شەكلىدە ئۇچلىنىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچ ۋاڭزا دېيىلىدۇ. ئاندىن تەييارلانغان تۈززىلەر ئۆك، تەنۇر توقۇش ئارقىلىق تام يۈزى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، تۈزىلەر قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي بىلەن قېلىن قىلىپ چاپلىنىدۇ، چاپلانغان لاي بىر نەچچە كۈن شامالدىتىلىپ قۇرىغاندىن كېيىن بىر قەدەر يىرىك سامان ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن لاي بىلەن قېلىن سۇۋىلىپ تام يۈزىدىكى ئېگىز-پەس جايلار تۈزلىنىدۇ، بۇ ئادەتتە يەرلىك تىلدا قارا سۇۋاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا يۇمشاق سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي بىلەن سىلىق سۇۋىلىپ تام سۇپەتلىنىدۇ، ئاندىن ھاك، گەج ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئاقارتىلىدۇ.

2) قوش تۈزە تام — بارلىق ئىش ھالقىلىرى تۈزە تام بىلەن ئوخشاش، پەقەت تام ئارىلىقى مۇۋاپىق قالدۇرۇلۇپ ئىككى قات قىلىپ سېلىنىدۇ (قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن، بىخەتەر بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ). كۆپىنچە مەكتەپ، ئىدارە-ئورگانلارنىڭ سىنىپ-ئىشخانىلىرى، بايلارنىڭ ئايرىم ئۆيلىرى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا سېلىنىدۇ.

3) قىسما تام — ئۇل قويۇش، زەگىندە، سىنجا، تۇۋرۇك توختىتىش ئۇسۇللىرى تۈزە تام بىلەن ئوخشاش. پەقەت ۋاڭزا تۈزە تامغا ئوخشاش تۇۋرۇك قېتىغا تۆشۈك تېشىپ مۇقىملاشتۇرۇلماستىن تۇۋرۇكنىڭ ئىككى تەرىپىگە مىخلاش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ۋاڭزا ئارىلىرىغا كېسەك ياكى خىشلارنى قىستۇرۇش ئارقىلىق تام يۈزى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. چاپلاش، سۇۋاش ئۇسۇللىرى تۈزە تام بىلەن ئوخشاش.

4) قوشام تام — ئۇل قويۇش، زەگىندە، سىنجا، تۇۋرۇك توختىتىش ئۇسۇللىرى تۈزە تام بىلەن ئوخشاش. ۋاڭزا تۇۋرۇككە سىم بىلەن باغلاش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ۋاڭزا مۇقىملاشتۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ھەر بىر تۇۋرۇك ئارىسىغا تېرەك ياكى يۇلغۇن شاخلىرى بەلگىلىك قېلىنلىقتا رەتلىك تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، قوشام قىلىنىدىغان ياغاچ بىلەن تېڭىلىپ (ھەر بىر تۇۋرۇك ئارىسى ئىككى يەردىن تېڭىلىدۇ، تۇۋرۇك قېتىدا قالىدۇ، ئادەتتە يەرلىك تىلدا قوشامداش دېيىلىدۇ) تام يۈزى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. چاپلاش، سۇۋاش ئۇسۇللىرى تۈزە تام بىلەن ئوخشاش. ئادەتتە ھويلا تام ۋە ئېغىل-قوتانلارنىڭ تاملىرى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا سېلىنىدۇ.

5) خام خىش (كېسەك) تام- ئۇل قويۇش ئۇسۇلى باشقا تاملارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. بىراق ئۇلنىڭ كەڭلىكى ئادەتتىكى تۈزە تامنىڭ ئۇلىنىڭ ئۈچ ھەسسىدىن تۆت ھەسسىگىچە كەڭلىكتە يەنى بىر مېتىردىن 1.2 مېتىرغىچە كەڭلىكتە قويۇلىدۇ. ئۇلنىڭ ئېگىزلىكىمۇ يېرىم مېتىردىن 80 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ، بىر يېرىم خىشلىق ۋە ئىككى خىشلىق قىلىپ ئىككى خىل سېلىنىدۇ، بىر يېرىم خىشلىق تامنىڭ قېلىنلىقى 60-80 سانتىمېتىر، ئىككى خىشلىق تامنىڭ قېلىنلىقى 80-100 سانتىمېتىر كېلىدۇ. خىش ئارىسىغا بەلگىلىك كاكىل لاي (سامان ئارىلاشتۇرۇلمىغان، بىر قەدەر قاتتىقراق ئېتىلىدىغان سېغىز لاي) قويۇش ئارقىلىق چاك باسۇرۇپ تىزىلىپ قوپۇرۇلىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان كېسەك ياز پەسلىدىكى ئاق سۇ (كەلكۈن مەزگىلىدە كېلىدىغان لاي-لاتقا مىقدارى كۆپ بولغان سۇ) ئاققان ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە يىغىلىپ قالغان سېغىز لايلارنى قېلىپتا قۇيۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. خىش قۇيىدىغان قېلىپ ئىككى خىشلىقتىن بەش خىشلىققىچە بولىدۇ، ئىككى خىشلىق قېلىپنىڭ خىشى ئەڭ چوڭ، بەش خىشلىق قېلىپنىڭ خىشى ئەڭ كىچىك بولىدۇ. سېغىز لاي بىلەن بىر ياكى ئىككى قېتىم سۇۋىلىپ تام پۈتتۈرۈلىدۇ.

6) لاي (ئەنجان) تام — مەكتىنىڭ يەرلىك تۇپرىقىنىڭ يېپىشقاقلىقى تۆۋەن، قۇم مىقدارى كۆپ بولغاچقا بۇ

خىل تام ئادەتتىكى ئەھۋالدا پەقەت بەش يىلدىن يەتتە
يىلغىچە تۇرۇپ ئاندىن ئۆرۈلۈپ ياكى ئولتۇرۇشۇپ كېتىـ
دىغان بولغاچقا باغ ياكى ئېقىل-قوتانلارنىڭ تېمى
ئۈچۈن سېلىنىدۇ. تام سېلىنىدىغان جاينىڭ ئەتراپىغا سۇ
قۇيۇپ سۈيى سىڭىپ تۇپراق تام قويۇشقا لايىقلاشقان ۋا-
قىتتا بىر ئادەم تام ئورنىغا كەتمەن بىلەن چېپىپ تاشلاپ
بېرىش، تامچى تاشلانغان لايىنى قولى بىلەن يۇغۇرۇپ
كۈملاچ قىلىپ چىڭداپ تىزىش ئارقىلىق سېلىنىدۇ، ئا-
دەتتە سۇۋالمايدۇ.

7) چالما تام ــ بۇ خىل تام سېلىش ئۇسۇلى
غازكۆل، يانتاق، تۇمەنتال، قىزىلئاۋات يېزىلىرىدىكى
دەريا بويىغا ۋە چوڭ ئۆستەڭ بويلىرىغا ماكانلاشقان كى-
شىلەر كۆپرەك سالىدىغان تام بولۇپ دەرياغا كەلكۈن
كەلگەندە بەلگىلىك يەر ئاجرىتىلىپ كەلكۈن سۈيى قايتا-
قايتا قۇيۇلۇپ سۇ تەركىبىدىكى سېغىز لاي تىندۇرۇلۇپ
(يەرلىك تىل بويىچە بۇ چالما تېرىش دەپ ئاتىلىدۇ)
كەلكۈن تارتىلىپ لاتقا تەركىبىدىكى يېپىشقاق سېغىز مەلۇم
دەرىجىدە قېتىشقاندىن كېيىن كەتمەن بىلەن چاسا شەكىل-
دە چاناپ قومۇرۇلىدۇ ۋە ئاپتاپقا سېلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ.
چالمىلار قۇرۇپ تولۇق قېتىشىپ بولغاندىن كېيىن كېسەك
تام سېلىش ئۇسۇلى بويىچە تام قوپۇرۇلىدۇ.

مەكىت ناھىيەسىنىڭ سېغىز توپا بايلىقى بىر قەدەر
كەمچىل ھەم تارقاق جايلاشقانلىقى ھەمدە سېغىز توپا تەر-
كىبىدىكى شور مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولغانلىقى، خىش
پىشۇرۇش ئۈچۈن كېتەرلىك يېقىلغۇ كۆمۈر يېتەرلىك بول-
مىغانلىقى سەۋەبلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى
مەكىتنىڭ خۇمدانچىلىق ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلما-
غان. يەرلىك خۇمدانلاردىكى قومۇشنى يېقىلغۇ قىلىپ پە-
شۇرۇلغان خىشنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، مەھسۇلات مىقدا-
رى ئاز بولغاچقا پەقەت ئۆي ئۇلىغا ئىشلىتىشكىلا يېتىش-
كەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى پىشۇرۇلغان خىشتا ئۆي
سېلىش مەكىتتە ئانچە ئومۇملاشمىغان، ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىشتىن كېيىن زامانىۋى خىش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ
خۇمدانچىلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىن
كېيىن پىششىق خىشتا ئۆي سېلىش بارا-بارا ئومۇملىششقا
باشلىدى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللار مابەينىدە پارتىيە ۋە دۆ-
لەتنىڭ ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇش ياردەم مەبلىغىنىڭ تۈرتكـ-
سىدە پىششىق خىش، بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر مەكىت
خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئۆي سېلىش ئۇسۇلىغا ئايلانغان بول-
سىمۇ، بۇ خىلدىكى ئۆي سېلىش ئۇسۇللىرى ئىلگىرى
مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان بولغاچقا بۇ ماقالىدە ئايرىم
بايان قىلىنمىدى.

### 4. ئۆي يېپىش ئۇسۇللىرى

تاملار يۇقۇرقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق سېلىنىپ بول-
غاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئۈستى يېپىلىدۇ، ئۈستىنى يېپىش ئۇ-
سۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) قارا يېپىق ــ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى مۆلچەرلىنىپ
بىردىن ئىككىگىچە يوغان ياغاچ تام ئوتتۇرىسىغا قويۇل-
دۇ. (بۇ ياغاچ يەرلىك تىلدا خە ياكى خا دەپ ئاتىلىدۇ.
چوڭراق مېھمانخانا، ساراي ئۆيلەرگە ئىككى، كىچىكرەك
ئۆيلەرگە بىردىن قويۇلىدۇ) خە بىلەن تام ئوتتۇرىسىغا بىر
مېتىردىن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئادەم يوتىسىچىلىك ياغاچ-
لار خە بىلەن سىنجىغا مىخلاپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.
(يەرلىك تىلدا بۇ ياغاچ جەگە دەپ ئاتىلىدۇ) كېسەك تام
ۋە چالما تام ئۆيلەردە خەنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۈۋرۈك
قويۇلىدۇ، جەگىنىڭ تام قويۇلىدىغان يېرىگە ئويۇقچا قو-
يۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە شاخ، يېكەن



ۋە قومۇشلار تەكشى يېيىتىلىپ ئۈستىگە قارا لاي (كاكىل
لاي) سېلىنىدۇ، ئاندىن قارا لاي ئۈستىگە توپا يېيىتىلىدۇ،
ئاخىرىدا ئۆگزە ئۈستى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي
بىلەن تەكشى قىلىپ سۇۋۇلىدۇ. جەگە بىلەن سىنجىنىڭ
ياكى تامنىڭ تۇتاشقان جايلىرىدىكى يوچۇقلارغا خىش
ياكى چالما قىستۇرۇلۇپ يوچۇقلار ئېتىلگەندىن كېيىن تام
يۈزى بىلەن تەڭ قىلىپ سۇۋۇلىدۇ. (بۇ يەرلىك تىلدا بالا
بېشى ئېتىش دەپ ئاتىلىدۇ.)

(2) لاي لەمپە يېپىق — بۇ خىلدىكى ئۆي يېپىشنىڭ
قالغان ئىش ھالقىلىرى قارا يېپىق ئۆي بىلەن ئوخشاش
بولۇپ يىكەن ۋە قومۇشلار بىلەن چۈمكەشتىن ئىلگىرى
لاي لەمپە ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان بورا (بۇنداق بورا
قومۇش، ئۇششاق تال چىۋىقلار ياكى ئىنچىكە تىلىنغان يا-
غاچلارنى سىم بىلەن زىچ قىلىپ چېتىش ئارقىلىق ياسىلى-
دۇ) خە، جەگىلەرگە ئېسىپ باغلىنىپ ئۈستىدىن لاي ئېقى-
تىلىدۇ، ئۆينىڭ ئۈستى چۈمكىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن
لاي بىلەن سىلىق قىلىپ سۇۋۇلىدۇ.

(3) بورا يېپىق — خە، جەگە توختىتىش ئۇسۇلى قارا
يېپىق بىلەن ئوخشاش، پەرقلىنىدىغان يېرى بورا يېپىق
ئۆينىڭ خە، جەگىلىرى چاسلىنىپ رەندىلەپ سىلىقلانغاند-
دىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. خە ۋە جەگىلەر توختىتى-
لىپ بولغاندىن كېيىن چاسلاپ، رەندىلەپ سىلىقلانغان يا-
غاچلار (تۆت، ئالتە سانتىمېتىر كەڭلىكتە، ئۈچ، تۆت ساند-
تىمېتىر قېلىنلىقتا، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تەييارلىنىدۇ،
يەرلىك تىلدا ۋاسا دەپ ئاتىلىدۇ) 20 سانتىمېتىر ئارىلىق
قالدۇرۇلۇپ جەگىگە مىخلىنىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە بورا يې-
پىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يىكەن، قومۇش، ياكى مىسىل،
زىرە پاخلى سېلىنىدۇ، قالغان مەشغۇلاتلىرى قارا يېپىق
بىلەن ئوخشاش.

(4) جۈپ ۋاسا يېپىق (ۋاسا جۈپ) — بارلىق ئىشلىتى-
لىدىغان ماتېرىيال ۋە مەشغۇلات تەرتىپى بورا يېپىق
بىلەن ئوخشاش، پەرقلىنىدىغان يېرى ۋاسىلار جەگىگە
مىخلانغان ۋاقىتتا ئىككىدىن جۈپلەپ مىخلىنىدۇ.

(5) سۇر ۋاسا يېپىق — دەسلەپكى مەشغۇلات تەرتى-
پى بورا يېپىق ياكى ۋاسا جۈپ يېپىق بىلەن ئوخشاش،
بىراق سۈپەتلەش جەھەتتە بۇ خىلدىكى ئۆي يېپىشتىكى
ماتېرىيال تەلىپى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى قاتتىق، ئىش ھالقى-
لىرى ئىنچىكە بولىدۇ. ئادەتتە خە ۋە جەگىلەرگە بىر
قەدەر يوغان، پۇتاقسىز، تۈز ياغاچلار تاللىنىپ تولۇق چا-
سلىنىدۇ. ئاستى ۋە ئىككى يان تەرىپىگە ھەر خىل نەقىش-
لەر ئويۇلىدۇ، ئۈستى قىسمىغا نەقىش چىقىرىلىپ ئالاھىدە
تەييارلانغان ياغاچلار ئەھۋالغا قاراپ بىر نەچچە رەت
مىخلىنىدۇ، بۇنداق ياغاچلار يەرلىك تىلدا ناۋا دەپ ئاتى-
لىدۇ، چىقىرىلغان نەقىش ۋە ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرىغا
قاراپ مەرەپ ناۋا، تەسۋى ناۋا، پىلتە ناۋا... قاتارلىق
نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. جەگىلەر ئارىسىدىكى بالا
بېشى ئېتىلىدىغان ئورۇنغا رەندىلەپ سىلىقلانغان شاللار
قىستۇرۇلىدۇ. بۇ يەرلىك تىلدا ھاراق دەپ ئاتىلىدۇ. جە-
گىلەرنىڭ ئارىلىقى بورا يېپىقنىڭكىدىن زىچ بولۇپ ئادەتتە
40 ـ 50 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. تام ئۈستىگە ئالاھىدە نە-
قىشلەنگەن سىنجىلار قويۇلىدۇ. تۆيزە تام ئۆيلەرنىڭ تام
سىنجىسىدىن باشقا يەنە ئايرىم سىنجا قويۇلىدۇ، ئىشلىتى-
لىدىغان ۋاسىلار چاسلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئالاھىدە رەند-
دىلەر ئارقىلىق بىر يۈزى (يەنى ئاستى يۈزى) دۈمباق
چىقىرىلىپ ئايرىم رەندىلىنىدۇ. بىر ـ بىرىگە جۈپلىنىپ
رەتلىك، زىچ تىزىلىپ، مىخلاشتا تۈز ۋە قىيپاش شەكىل-
لىك تىزىپ مىخلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ چىرايلىق،
سەنئەتلىك، نەقىشلىك كۆرۈنۈشلەر ھاسىل قىلىنىدۇ، ھەتتا
خە، جەگىلەر ئىككىقات، ئۈچقات قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ،
گۈمبەز شەكىللىك ئاجايىپ سىترولۇق كۆرۈنۈشلەر ھاسىل
قىلىنىپ، ھەشەمەتلىك يېپىلغان ئۆيلەرمۇ بولىدۇ، ئادەتتى-
كى ئەھۋالدا بىرقەدەر ئوتتۇراھال تۇرمۇش سەۋىيەدىكى-
لەر مېھمانخانا ۋە پېشايۋانلىرىنى سۇر ۋاسىدا ياپىدۇ،
بايراق كىشىلەر پۈتۈن ئۆيلىرىنى سۇر ۋاسىدىن قىلىدۇ.
ئالاھىدە بايلار، يۇرت كاتتىلىرى ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىنى
قات ـ قات گۈمبەزلىك قىلىپ ھەشەمەتلىك يېپىشقا ئەھمى-
يەت بېرىدۇ. ئۆيلەر يېپىلىپ مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپ ئىشلى-
تىلگەن ياغاچ ماتېرىياللار تولۇق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن
تۈۋرۈك ۋە تورۇسلىرى ئويۇلغان نەقىش ۋە ئىشلىتىلگەن
ناۋالارنىڭ ئەھۋالغا ئاساسەن نەپىس رەڭلىك سىرلار
بىلەن سىرلىنىپ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ
ئېسىل دۇردانىلىرى نامايان قىلىنىدۇ، سۇر'ۋاسا ئۆيلەر-
نىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئۈستى
قىسمىنى چۈمكەش ئۇسۇلى بورا يېپىق بىلەن ئوخشاش،
بىرلا يېرى ئۆينىڭ ئۈستى زىچ تىزىلغان ۋاسىلار بىلەن
تولۇق يېپىلغاچقا سۇر ۋاسىنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىنماي

ئاساسىي جەھەتتىن يۇمشاق مىسسىل بىلەن قېلىن قىلىپ چۈمكىلىدۇ.

(6) پەنەركە يېپىق ـــ ئۆي قارا يېپىق شەكلىدە يېپىلىپ بولغاندىن كېيىن پەنەركە ئېسىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە قەغەز پەنەركە (كېۋەز غولىنى ئېزىپ تالقانلاپ ئاندىن خىمىيەلىك يېلىم بىلەن قاتۇرۇپ تەييارلانغان پەنەركە)، سولياۋ پەنەركە (سولياۋدىن نەقىش چىقىرىپ نېپىز قۇيۇلغان پەنەركە)، گەج پەنەركە (ئارىسىغا خىمىيەلىك تالا ئېلىنىپ گەج بىلەن قېلىپتا قۇيۇلۇپ قاتۇرۇپ تەييارلانغان پەنەركە) قاتارلىق پەنەركىلەر ئېسىلغان بولسا كېيىن پارقىراق سىرلىق ياغاچ پەنەركە (نېپىز ياغاچ تالالارنى 0.3 ـ 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قاتۇرۇپ ئۈستىگە نېپىز سىرلىق قەغەز بىلەن پارقىراق سولياۋنى قوشۇپ پىرىسلاش ئارقىلىق تەييارلانغان پەنەركە)، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان پەنەركە (گەجدىن سۈپەتلىك ئوتتا كۆيمەيدىغان قىلىپ ئالاھىدە ياسالغان، سىم ۋە نېپىز پولات چەسۋەكلەردىن پايدىلىنىپ ئېسىلىدىغان پەنەركە) قاتارلىق پەنەركىلەر ئېسىلىدىغان بولدى.

مەيلى قايسى خىلدىكى پەنەركە ئېسىپ ئۆي زىننەتلەشتە بولسۇن، مەكىت خەلقى بۇ جەھەتتىمۇ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن پەنەركىگە ئوخشاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ پەنەركىلەرگە ھەر خىل نەقىش ۋە مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىش، غىش ئەگمە، پەتنۇس ئەگمە، چاسا ئەگمە قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردە ئېگىپ چىرايلىق كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلىپ، ئالاھىدە سەنئەتلىك بېزەش ئۇسۇللىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەكىت خەلقى ئۆي سالغاندا پېشايۋان چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ پېشايۋانغا ئىشلىتىلگەن جەگىنىڭ بىر ئۇچى ئۆي تېمىغا قويۇلىدۇ، يەنە بىر ئۇچى تۈۋرۈك ئۈستىگە توختىتىلغان خە ئۈستىگە قويۇلىدۇ، يېپىش ئۇسۇللىرى ئۆي يېپىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ، پەقەت پېشايۋان لاي لەمپە قىلىنمايدۇ. كۆپىنچە سۇر ۋاسلىق قىلىپ يېپىلىدۇ، ئۈستىگە ئايرىم ئىشلىگەندىن سىرت تۈۋرۈكلىرى سەككىز قىرلىق پىرامىدا شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ ئاجايىپ چىرايلىق قىلىپ ئىشلىنىدۇ ۋە ئۆي ئۈستىگە ئوخشاش چىرايلىق سىرلىنىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە خىسلەتلىرى

مەكىت خەلقى ئارىسىدا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قىلمىشى ئومۇملاشمىغان، ئەر ـ ئايالنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى باراۋەرلىك، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا كۆرۈش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەرمۇ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

1. ئاياللارنى تۆرگە باشلاش ئادىتى. مەكىت خەلقىنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىدە ئاياللار ئۆيگە ئەرلەردىن بۇرۇن باشلىنىدۇ، مېھماندارچىلىققا كەلگەندە ئايال ساھىبخانىلار ئايال مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئەر ساھىبخانىلار ئەر مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە باشلايدۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئايال مېھمانلار چوڭدىن كىچىككىچە تەرتىپ بىلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەر مېھمانلار ئاياللارنىڭ ئايىغىدىن باشلاپ ئورۇن ئېلىشىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرىدا بولسا ئاياللار چوقۇم ئۆيگە باشلىنىدۇ، ئەرلەر ھويلىغا راسلانغان سورۇنغا باشلىنىدۇ. مۇراسىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆيى كىچىك، مېھمانلار يېتىشمىگەندەك بولۇپ قالسا قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ئۆيلىرىگە باشلىنىدۇ. ئاياللارنى سىرتقا باشلاش ئايال مېھمانلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك سانىلىدۇ. چاي ۋە تاماق تارتىشتىمۇ ئاۋۋال ئاياللاردىن باشلاپ تارتىلىپ ئاندىن ئەرلەرگە تارتىلىدۇ.

2. ئائىلە تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىشلاردا ئەر ـ ئايال ئورتاق كېڭىشىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە بىللە قاتنىشىش ئادىتى. مەكىت خەلقىدە يۇقىرىسى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشتىن تارتىپ، ئېتىزلارغا قانداق زىرائەتلەرنى تېرىش، مال ـ چارۋىلارنىڭ قايسىلىرىنى بېقىپ كۆپەيتىشكە قالدۇرۇپ، قايسىلىرىنى سېتىش ياكى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئېھتىياجىغا ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگىچە ئەر ـ ئايال ئورتاق كېڭىشىپ



بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئەر ياكى ئايالنىڭ قايسىبىرى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ قارشى تەرەپنى زورلايدىغان ئىشلار ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈلمەيدۇ.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە ئەر-ئاياللار بىرلىكتە ئورتاق قاتنىشىدۇ. بەزى ئەرلەر ۋە ئاياللار مەخسۇس ئۈستىگە ئالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، يەر تۈزلەش، تېرىش، تاقلاش، چۆنەكلەش، ئوتاش، ئورما ئورۇش، كېۋەز تېرىش، مېۋە-كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى، چارۋىچىلىقتا، ماللارنى يايلىتىپ بېقىش، ئېغىل-قوتانلاردا ئوت سېلىپ بېرىش، سۇغىرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئەر-ئاياللار ئورتاق قىلىدىغان ياكى قايسىسىغا ئۇدۇل كېلىپ قالسا شۇ قىلىۋېرىدىغان بولسا، دېھقانچىلىقتىكى ئېرىق-ئۆستەڭ چاپىدىغان، يەر ئاغدۇرىدىغان، چارۋىچىلىقتىكى چوڭ چارۋىلارنى هارۋىغا ياكى مىنىشكە كۆندۈرۈش، بوغۇزلاپ سويۇش قاتارلىق كۈچ كېتىدىغان، خەتەرلىك ئىشلارنى ئەرلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا ئاياللار يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلمايدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىقتىكى باشاق تېرىش، كېۋەز غوزىسىنى چۇيلاش، يىپ ئېگىرىش قاتارلىق ئىنچىكە ئىشلارنى، چارۋىچىلىقتىكى چارۋىلارنى سېغىش، قېتىق، سۈزمە تەييارلاش، يېتىم قالغان كىچىك چارۋىلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئاياللار مەخسۇس قىلىدىغان بولۇپ ئالاھىدە ئەھۋاللار بولمىسا ئەرلەر بۇ ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋاللار، مەسىلەن، ئايالى ئۆلۈپ كېتىش ياكى كۆزى يورۇپ قىرىق كۈن ئىچىدىكى دەم ئېلىش مەزگىللىرىدە ئەرلەر ئاياللار قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ. ئەرلىرى يىراقتا كەتكەن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارمۇ ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇرۇندىن مەكىت خەلقى ئۆۋچىلىق پائالىيەتلىرىگىمۇ ئەر-ئايال بىرلىكتە ئىشتىراك قىلىپ كەلگەن. مەكىت خەلقىنىڭ ئۆۋچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىسى بولغان دولان ئۇسسۇلىدىكى ئەر-ئاياللارنىڭ بىرلىكتە ئوۋ ئوۋلاشقا تەقلىد قىلىنغان ئۇسسۇل هەرىكەتلىرى بۇ ئادەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. مەشرەپ ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئەر-ئايال ئورتاق قاتنىشىش. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى دولان مەشرەپلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەكىت خەلقىنىڭ بارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئەر-ئاياللار ئورتاق قاتنىشىدۇ، مەيلى مەشرەپ سورۇنلىرىدا بېيىت ئېيتىشىش، چاي ئۆرۈش، دەررە ئويۇنى، دولان ئۇسسۇلى ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بولمىسۇن، مەيلى تەنتەربىيە تۈسىنى ئالغان سارغايدى-ئەلەڭگۈچ ئۇچۇرۇش قاتارلىق ئويۇنلار بولمىسۇن، ئەر-ئاياللار بۇ پائالىيەتلەرگە بىرلىكتە قاتنىشىدۇ، بىرلىكتە ھۇزۇر ئالىدۇ، بۇ جەرياندا قىز-ئاياللارنىڭ ھەرىكىتى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مەكىت خەلقىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرىدىكى ئەر-ئاياللار باراۋەرلىك قارىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشتەك ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. ئاياللارنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىكى ئەركىنلىك ۋە ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇش ئادىتى. يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا دېيىلگەنىدەك تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئامىللار سەۋەبىدىن مەكىت قىز-ئاياللىرى باشقا يۇرتلاردىكى قىز-ئاياللارغا قارىغاندا كىيىنىش ۋە يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتلەردىمۇ بىر قەدەر ئەركىن، ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇننى ساقلاپ كەلگەن. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئەرلەر بىلەن تەڭ قاتنىشىپ، بازار كوچا-كويلاردا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش سودا-سېتىق قىلىپ ئەركىن-ئازادە يۈرۈۋەرگەن، ئازادلىقتىن كېيىن مەكىت ئاياللىرى

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ دەسلەپكى مەزگىللەردىلا بىر تۈركۈم قابىل ئايال كادىرلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققان. ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە ئەرلەر بىلەن بىللە قاتنىشىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن مەكىت ئاياللار ئارىسىدا ئەمگەك قىلىشقا قولاي بولۇشى ئۈچۈن زىيادە تار ۋە كەڭ، ئۇزۇن ۋە قىسقا كىيىملەر كىيىلمىگەن. سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قولايسىز بولغاچقا كۆپ قىسىم ئاياللار يەرلىك باپكارلار توقۇغان، بوياقچىلار بويىغان (مەكىت ناھىيەسىدە ئازادلىقتىن بۇرۇن بوياقچىلىق تېخنىكىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، رەختلەرگە گۈل بېسىش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلمىغان، گۈل بېسىش پەقەت زەدىۋال ۋە داستىخانلىق رەختلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ كىيىم-كېچەكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان گۈللۈك رەختلەرنى بويايدىغان ئىنچىكە تېخنىكا يوق ئىدى. چىت، شەنبەزە قاتارلىق گۈللۈك رەختلەرمۇ سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان قىممەت رەختلەر ھېسابلانغاچقا تۆۋەن، ئوتتۇرا كىرىملىك كۆپ قىسىم ئاما ئىچىگە ئومۇملاشمىغان) ئاددىي پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن مەكىت ئاياللىرى كۆڭلەك، جىلىتكە، چاپان (يەرلىك شېۋىدە پىلاتا)، رومال، دوپپا ۋە تۇماقلارنىڭ رەڭگىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ كىيىش، چاچلىرىغا چاچ تەڭگىلەرنى ئېسىش، بويۇن، قۇلاق، قوللىرىغا ھەر خىل رەڭلىك مارجان، زەنجىر، ھالقىلارنى ئېسىش، ئۈزۈكلەرنى تاقاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە گۈزەللىك قارىشىنى نامايان قىلغان.

مەكىت ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى خېلى يېقىنقى بىر مەزگىللەرگىچە بىر قىسىم ئاياللاردا بېلىگە پوتا باغلايدىغان، پىچاق ئاسىدىغان ئادەتلەر داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ بىر تەرەپتىن مەكىت ئاياللىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەرلەر بىلەن بىللە قاتنىشىش جەريانىدا بەلنى ئاسراشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن مەكىت خەلقىنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىپادىلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

5. قىز-ئوغۇللارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، قىزلارنى ئاسراش ئادىتى. مەكىت خەلقىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرىدە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى تەكىتلىنىپلا قالماي ئائىلىدە قىزلار بىلەن ئوغۇللارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، قىزلارنى ئاسراش، قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق ئادەتلەرمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئائىلىدە قىزلار ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئاش-تاماق ئېتىش، كىر-قات يۇيۇش، ئۆيلەرنى تازىلاش، يىغىشتۇرۇش قاتارلىق ئائىلە ئەمگەكلىرىگە پىششىق قىلىپ تەربىيەلەنگەندىن باشقا (مەكىت خەلقى ئارىسىدا شۇنداق بىر ھېكايەت تارالغان، ئەگەر بىر كىشى ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولسا لايىق كۆرگەن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىر داس قاچا-قۇچىلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى كىگىزنىڭ ئۈستىدە يۇيۇشقا بۇيرۇيدىكەن. قىز قاچا يۇيۇش جەريانىدا كىگىزگە بىر تېمىممۇ سۇ تامدۇرۇۋەتمەي پاك-پاكىز يۇيۇپ چىقالىسا «ئۆي ئىشىغا پىشپىتۇ» دەپ قاراپ ئاندىن ئۇ قىزنى كېلىنلىككە تاللايدىكەن. ئەگەر قاچا يۇيۇش جەريانىدا كىگىزگە سۇ تېمىپ كەتسە ياكى قاچىلار پاكىز يۇيۇلماي قالسا «بۇ بالا تېخى خامكەن» دەپ كېلىنلىككە مۇۋاپىق كۆرمەيدىكەن. «كىگىز ئۈستىدە قاچا يۇماق» دېگەن ئىدىيوم مۇشۇ ھېكايەتتىن كەلگەن). مال-چارۋىلارنى بېقىش، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا باشقا ئوغۇل قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە قاتنىشىدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا قارىتا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكىر-مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئوغۇل قېرىنداشلىرىغا



ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

مەكىت ئاياللىرىنىڭ ئورنىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشى، ئەر-ئايال، قىز-ئوغۇللارنىڭ باراۋەرلىكى مەكىت قىز-ئاياللىرىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، پسىخىكا جەھەتتىن مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ياخشى بولغان ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئائىلە قۇرۇپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنى يارامىلىق تەربىيەلەش، باراۋەر ئىناق ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ئەر-ئاياللار بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى ھەمكارلىشىپ يېڭىدىغان، ھۇزۇر-ھالاۋەتلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان، ئەر-ئايال تەڭ قېرىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجىل-ئىناق ياشايدىغان، ياخشى بولغان ئائىلە ۋە جەمئىيەت مۇھىتى ياراتقان بولغاچقا مەكىت ناھىيەسى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلىرى بىر قەدەر كۆپ چىقىدىغان رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن بازار ئىگىلىكى جانلىنىپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆلىمى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئاياللارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيەلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشلىنىشى، تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە رىقابەت كەسكىنلىشىپ، ئاياللارنىڭ ساپاسىغا بولغان تەلەپنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە مەكىت ئاياللىرىنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە مەكىت ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ جەھەتتە ناھىيە تەۋەسىدىكى ۋە يېقىن قوشنا ناھىيەلەردە ھەرقايسى ئورگان، كەسىپىي ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئايال كادىرلارنى دېمىگەندىمۇ يېزا-كەنتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاپالىق ئىشلەش بىلەن بىللە، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان ئايال تەشۋىقاتچىلار، ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى، ئايال دېھقان رەسساملار، كەشتىچىلىك، رېشلىيە ئىشلەش، تىككۈچىلىك، باقمىچىلىق، سودا-سېتىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىدا جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان تۆھپىكار جاپاكەش مەكىت قىز-ئاياللىرىنىڭ پىداكارلىق روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، مەكىت ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدە خىسلەتلىرىنى، مەكىت خەلقىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرى، ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە مەكىتنىڭ ئۆزگىچە بولغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە يېڭى زاماندىكى ئاياللار مۇستەقىل ھەرىكەتلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاياللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى زىچ چۆرىدىگەن ئاساستا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچ مۇقىم بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتە ئاياللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## قوناق تائاملىرىنىڭ سەركىسى: يوبدان ۋە مۇنەك

**يوبدان:** مەكىت خەلقى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە يانداشقان چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىق بېقىلىدىغان چارۋا قوي بولغاچقا قوي گۆشى ئىستېمالى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قوي گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىللە گۆش تەركىبىدىكى ماي كۆپ، ئىسسىقلىق مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوي گۆشى ئىستېمالىدا ئوتتا-يالا يۈز بېرىدىغان يۇقىرى قان بېسىم، قان مېيى يۇقىرىلاش، دىيابېت كېسەللىكى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئەسلىدە چارۋىلارنىڭ يەم-بوغۇزى ئورنىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان كۆممىقوناقتىن ئۇن تارتىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل تاماقلارنى ئېتىپ، ئۇنى قوي گۆشى بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىشتەك ياخشى بولغان يېمەك ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇ تائاملارنىڭ ئىچىدە، ئادەتتە كۆپرەك ئېتىلىپ، دائىم ئىستېمال قىلىنىدىغانلىرى زاغرا نان، ئۇماچ، يوبدان، چۇقۇچەك، زاڭ، مونەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ماقالىمدە ئەنە شۇ شىپالىق قوناق تاماقلىرىنىڭ بىرى بولغان يوبدان ھەققىدە توختىلىمەن.

1. خۇرۇچلارنى تەييارلاش. ئالدى بىلەن كۆممىقوناق ئۇنى تەييارلىنىدۇ. يۇمشاق تارتىلغان كۆممىقوناق ئۇنىدىن (ئادەتتە كۆپىنچە ئالتە ئايلىق جاغدا قوناق ئۇنى ئىشلىتىلىدۇ) ئېتىلىدىغان تاماقنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ مەلۇم مىقداردا ئېلىپ، قېلىن ئەلگەكتە تاسقاش ئارقىلىق، تەركىبىدىكى يىرىك ماددىلار ئايرىۋېتىلىپ تەييار قىلىنىدۇ. قوناق ئۇنىنىڭ دانچىلىرى بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە يەنە مەلۇم مىقداردا بۇغداي ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئېتىلىدىغان تاماقنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ گۆش (ئادەتتە كۆپىنچە ھاللاردا باچكا گۆشى ياكى مايلىق قوي گۆشى تەييارلىنىدۇ. كالا، ئۆچكە، توخۇ گۆشلىرى تەبىئىتى سوغۇق دەپ قارالغاچقا يوبدانغا ئىشلىتىلمەيدۇ)، چامغۇر (ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە كۆكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان چامغۇر، كۈز، قىش پەسىللىرىدە باش چامغۇر ئىشلىتىلىدۇ)، سەۋزە، كاۋا، پەمىدۇر، پالەك، كۆك ماش، نوقۇت، يۇمغاقسۈت (ئېتىتقۇ ئورنىدا ياز پەسلىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ)، پىننە (ئېتىتقۇ ئورنىدا كۈز، قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ) قاتارلىق خۇرۇچلار تەييارلىنىدۇ. تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىغا ئاساسەن باشقا كۆكتاتلار تەييارلانسىمۇ بولىدۇ.

2. خېمىر تەييارلاش. تاماققا ئىشلىتىدىغانغا يېتەرلىك ئۇن تەييارلىنىپ، تەڭنە (يەرلىك تىلدا كاساڭ دەپ ئاتىلىدۇ)گە قۇيۇلغاندىن كېيىن، قوناق ئۇنى بىلەن بۇغداي ئۇنى 1: 4 نىسبەت بويىچە (تۆت ئۈلۈش قوناق ئۇنى، بىر ئۈلۈش بۇغداي ئۇنى) تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قايناق سۇ قۇيۇلۇپ قوشۇق بىلەن ئىلەشتۇرۇلۇپ، (قوناق ئۇنىنىڭ دانچىسى چوڭ، يېپىشقاقلىقى تۆۋەن بولغاچقا سوغۇق سۇ ياكى ئىلمان سۇدا يۇغۇرۇلسا، خېمىر يېرىلىپ كېتىپ يوبدان ئوخشىمايدۇ، شۇڭا قايناق سۇ ئىشلىتىلىدۇ) مەلۇم قويۇقلۇققا يەتكەندىن كېيىن قول بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. ئۇن بىلەن سۇ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىر تولۇق چەيلىنىپ، تەييار قىلىنغاندىن كېيىن زوۋۇلا تۇتۇلىدۇ، مەخسۇس خېمىر يايىدىغان تاختا، نوغۇچتا قېلىنلىقى ئۈچ، تۆت مىللىمېتىرغا يەتكۈچىلىك تەكشى قىلىپ يېيىلىدۇ. خېمىر يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى يەتتە-سەككىز سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش-ئالتە مىللىمېتىر قىلىپ، تەكشى كېسىلىپ تەييارلىنىدۇ. يېيىش، كېسىش جەريانىدا خېمىرنىڭ قايتا چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېيىلغان خېمىر ۋە كېسىلگەن يوبدان چۆپى ئارىسىغا ئۇن سېپىلىدۇ. (بۇ يەرلىك تىلدا قوغۇن دەپ ئاتىلىدۇ)

3. ئاش سۈيىنى تەييارلاش ۋە پىشۇرۇش. خېمىر تەييار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قازان ئېسىلىپ ئاش سۈيىنى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلىنىدۇ. ئاش سۈيى ئادەتتە ئىككى خىل تەييارلىنىدۇ. بىرىنچى خىلى قورۇماي تەييارلاش، ئىككىنچى خىلى قورۇپ تەييارلاشتىن ئىبارەت. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدىكى ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە ئاساسەن قورۇماي تەييارلىنىدۇ. كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە قورۇپ تەييار قىلىنىدۇ، ئىچىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئەھۋالىغا قاراپ قورۇپ ياكى قورۇماي تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. قورۇماي تەييارلاشتا قازانغا سۇ قۇيۇلۇپ ئاۋۋال گۆش سېلىنىپ، مەلۇم ۋاقىت قايناتقاندىن كېيىن ئاندىن پىشىش ۋاقتى ۋە توغرامچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، قالغان كۆكتاتلار ۋە ئالدىن چىلاپ تەييارلانغان ماش ياكى نوقۇت تەرتىپ بويىچە سېلىنىپ قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ. قورۇپ تەييارلاشتا، قازان قىزىتىلىپ، ئۆسۈملۈك مېيى قۇيۇپ چۇچۇتۇلگەندىن كېيىن، تەييارلانغان گۆش، پىياز بىلەن بىللە قورۇلۇپ، ئاندىن كېيىن پەمىدۇر ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلىدۇ. پەمىدۇر بىلەن گۆش قورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇ قۇيۇلۇپ، باشقا كۆكتاتلار ۋە ماشلار تەرتىپ بويىچە سېلىنىپ، قاينىتىلىپ تەييار قىلىنىدۇ. ئاش سۈيى تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن يوبدان چۆپى ئاش سۈيى مەلۇم قويۇقلۇققا يەتكىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ 15 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىلغاندىن كېيىن پىشقان ھېسابلىنىپ ئوت توختىتىلىدۇ، قاچىغا ئۇسسۇلغاندىن كېيىن يۇمغاقسۈت ياكى پىننە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلىدۇ.

يوبدان ئادەتتە كۆپ خىل كۆكتاتلار ئىشلىتىلىپ، تەم تەڭشەش خۇرۇچلىرى قوشۇلۇپ، تۇجۇپىلەپ ئېتىلىدىغان تاماق بولغاچقا، تەمى ياخشى، ئىچىشلىك بولۇپلا قالماي يەنە ئوڭاي ھەزىم بولىدىغان، يەڭگىل تاماقلارنىڭ بىرى.

كىشىلەر يوبدانلىنى دائىم ئىچىپ بەرگەندە مەجەزنى تەڭشەپ، قان بېسىمنى، قاندىكى ماينى تۆۋەنلىتىپ، قان بېسىمى ۋە قان مېيى يۇقىرىلاپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە دىيابېت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچەينى راۋانلاشتۇرۇپ، قەۋزىيەت قاتارلىق تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**مۇنەك:** مونەك قىيمىلىق سەرخىل قوناق تائاملىرىنىڭ بىرى. مونەكنى ئېتىش ئۇسۇلى باشقا قوناق تائاملىرىنى ئېتىش ئۇسۇلىدىن باشقىچە پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە كېتىدىغان خۇرۇچلارنى تەييارلاش ، قيىما تەييارلاش، خېمىر تەييارلاش، تۇگۈش، ئاش سۇيى تەييارلاش ۋە پىشۇرۇش قاتارلىق بەش باسقۇچ بويىچە تەييارلىنىدۇ.

1. كېتىدىغان خۇرۇچلارنى تەييارلاش. ئالدى بىلەن ئۇن تەييارلىنىدۇ. يۇمشاق تارتىلغان قوناق ئۇنىدىن (ئادەتتە كۆپىنچە ئالتە ئايلىق جاغدا قوناق ئۇنى ئىشلىتىلىدۇ) ئېتىلىدىغان تاماقنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ مەلۇم مىقداردا ئېلىپ، قېلىن ئەلگەكتە تاسقاش ئارقىلىق، تەركىبىدىكى يىرىك ماددىلار ئايرىۋېتىلىپ، تەييار قىلىنىدۇ. قوناق ئۇنىنىڭ دانچىلىرى بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە يەنە مەلۇم مىقداردا بۇغداي ئۇنى تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ئېتىلىدىغان تاماقنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ گۆش (مايسىز قوي گۆشى ياكى كالا گۆشى)، قۇيرۇق ماي، ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا پىياز، زىرە، قارىمۇچ، تۇز قاتارلىق قيىما قىلىشقا كېتەرلىك تېتىتقۇلار تەييارلىنىدۇ. چامغۇر (ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە كۆك چامغۇر، كۈز، قىش پەسىللىرىدە باش چامغۇر ئىشلىتىلىدۇ)، كاۋا، پەمدۇر، پالەك، يۇمغاقسۈت (تېتىتقۇ ئورنىدا ياز پەسلىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ)، پىننە (تېتىتقۇ ئورنىدا كۈز، قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ) قاتارلىق خۇرۇچلار تەييارلىنىدۇ، تاماق يېگۈچىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن باشقا كۆكتاتلار تەييارلانسىمۇ بولىدۇ.

2. قيىما تەييارلاش. قوينىڭ قۇيرۇق مېيى بىلەن مايسىز گۆشنىڭ ھەرقايسىسىدىن 3:1 نىسبەت بويىچە كېسۋېلىنىپ، (بىر ئۈلۈش قۇيرۇق مېيى ئۈچ ئۈلۈش مايسىز گۆش) قيىما قىلىشقا كېتەرلىك پىياز، زىرە، قارىمۇچ، تۇز قاتارلىق تېتىتقۇلار، خۇرۇچلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قۇيرۇق مېيى بىلەن گۆش بىر سانتىمېتىردىن بىر يېرىم سانتىمېتىرغىچە چوڭلۇقتا ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن پىياز تاكى ئۇششاقدىلىپ قيىام ھالەتكە كەلگىچە چاپىلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا تاماق يېگۈچىلەرنىڭ تەم ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۇز، زىرە، قارىمۇچ، سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە تۇزى مۇۋاپىق بولۇش، زىرە قارىمۇچ قاتارلىق تېتىتقۇلارنىڭ تەمى مۇۋاپىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ تەم تەڭشىگۈچىلەر زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، بەك ئاز بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. (بۇ يەرلىك تىلدا قيىما جۇپلەش دەپ ئاتىلىدۇ)

3. خېمىر تەييارلاش. تاماققا ئىشلىتىدىغانغا يېتەرلىك ئۇن تەييارلىنىپ، تەڭنە (يەرلىك تىلدا كاساڭ دەپ ئاتىلىدۇ)گە قويۇلغاندىن كېيىن، قوناق ئۇنى بىلەن بۇغداي ئۇنى 5:2 نىسبەت بويىچە (بەش ئۈلۈش قوناق ئۇنى، ئىككى ئۈلۈش بۇغداي ئۇنى، مونەك ئادەتتە قېتىغا قيىما تىقىلىپ تۈگۈپ ئېتىلىدىغان بولغاچقا بۇغداي ئۇنى يوبدانغا قارىغاندا كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلىدۇ) تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قايناق سۇ قۇيۇلۇپ قوشۇق بىلەن ئېلەشتۈرۈلۈپ مەلۇم قويۇقلۇققا يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قول سېلىپ يۇغۇرۇلىدۇ. (تۇگۈش جەريانىدا ياكى قازانغا كىرگەندىن كېيىن يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مونەكنىڭ خېمىرى ئادەتتە سۇ كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ يوبداننىڭكىدىن بوشراق يۇغۇرىلىدۇ) ئۇن بىلەن سۇ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىر تولۇق چەيلىنىپ، پىلتە قىلىپ تەييارلانغاندىن كېيىن ياغاچ چوڭلۇقدا يۇملاق قىلىپ ئۈزۈلىدۇ.

4. تۇگۈش: ئۈزۈپ تەييارلانغان خېمىر باش بارماق بىلەن ئوتتۇرىسى بېسىلىپ، بىگىز بارماق ۋە باش بارماق بىلەن چۆرىسى مەجىپ ئۇچلىنىش ئارقىلىق دىيامېتىرى يەتتە، سەككىز سانتىمېتىر كەلگۈدەك ۋارونكا ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. (ئادەتتە ئوتتۇرىسى قېلىنراق، جۈپلىنىدىغان ئۇچى نېپىزراق بولۇشقا دىققەت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندا مونەكنى ھەم سۈپەتلىك تۈگكىلى بولىدۇ ھەم پىشۇرغاندا ئاجراپ يېرىلىپ كەتمەيدۇ) ئاندىن كېيىن ئوتتۇرىسىغا قيىما تىقىلىپ ئۈچى چۈپلىنىپ ئۇرچۇق شەكلىگە كەلتۈرۈپ تۈگۈلىدۇ، ئاندىن ئاستىغا قۇغۇن سېپىلگەن ئاش تاختىسى، پەتنۇس لىگەنلەرگە رەتلىك قىلىپ تىزىلىدۇ.

5. ئاش سۇيىنى تەييارلاش ۋە پىشۇرۇش. مونەك تۇگۇلۇپ تەييار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قازان ئېسىلىپ ئاش سۇيىنى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلىنىدۇ. ئاش سۇيى ئادەتتە قورۇماي قازانغا سۇ قۇيۇلۇپ مەلۇم ۋاقىت قايناتقاندىن كېيىن ئاندىن پىشىش ۋاقتى ۋە توغرامچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، قالغان كۆكتاتلار تەرتىپ بويىچە سېلىنىپ قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاش سۇيى تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن تۇگۇپ تەييارلانغان مونەك ئاش سېلىنىپ 15 ـ 20 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىلغاندىن كېيىن پىشقان ھېسابلىنىپ ئوت توختىتىلىدۇ. (ئادەتتە ئۆيدە ئۆزلىرى ئىچكىلى ئېتىلىدىغان مونەكنىڭ خېمىرى قېلىنراق قىلىنىدۇ، چوڭراق تۇگۇلىدۇ، شۇڭا ئۇزاقراق قاينىتىلىدۇ. مېھمان كەلگەندە خېمىرى نېپىزرەك قىلىنىدۇ، كىچىكرەك تۇگۇلىدۇ. يېرىلىپ ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بوشراق قاينىتىلىدۇ)، (ئادەتتە بىر قاچىغا بەش ـ ئالتىدىن ئونغىچە مونەك ئۇسسۇلىدۇ. مونەكنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا خېلى ئىشتەيلىك ئادەملەرمۇ ئوندىن ئارتۇق مونەكنى ئىچىپ بولالمايدۇ). يۇمغاقسوت ياكى پىننە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلىدۇ.

مونەك ھەم قىيمىلىق تائام ھەم قوناق تائامى بولغاچقا خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىر ئىش ـ ئەمگەكلەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئىچىلىدىغان قۇۋۋەت تامىقىغا ئايلانغان. ئاش سۇيىگە كۆپ خىل كۆكتاتلار ئىشلىتىلىپ، تەم تەڭشەش خۇرۇچلىرى قوشۇلۇپ، تۇگۇپلەپ ئېتىلىدىغان بولغاچقا، تەمى ياخشى، ئىچىشلىك قورساقتا ئۇزاق مۇددەت ساقلانسىمۇ قورساقنى ئېسىدىغان نۇقسانلاردىن خالىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوناق تەركىبىدىكى تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى قوي مېيى تەركىبىدىكى خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدىغان بولغاچقا كىشىلەر مونەكنى دائىم ئىچىپ بەرگەندە ئادەتتە قىيمىلىق تاماقلارنى كۆپ يېيىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يۇقىرى قان بېسىمى، يۇقىرى قان مېيى، يۇقىرى قان شېكىرى قاتارلىق «ئۈچ يۇقىرى» بولۇش كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە دىيابېت كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنى ئازايتىش بىلەنلا قالماي يەنە يۇقارقىدەك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ گۆش ئىستېمال قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئوزۇقلۇق ئاقسىل يېتىشمەسلىك، بەدەن قۇۋۋەتسىز بولۇش، ياشانغانلاردىكى مېڭە يىگىلەش، دېۋەڭلىك كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

# ئۇچا تارتىش ئادىتى

«ئۇچا» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى خىل ئىستېمال مەنىسىگە ئىگە. بىرى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ باش، بويۇن، پۇت، قول قاتارلىقلاردىن باشقا بەدەن قىسمى، مەسىلەن، «ئۇچاڭغا بىر نەرسە ئارتۇۋال (بەدىنىڭگە كىيىم كىيىۋال)» دېگەندەك ئىبارىلەردە ئۇچا پۈتۈن بەدەننى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى بىرى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ دۈمبە ۋە گەجگە قىسمى. «ئۇچاڭ قىچىشسا تۈگمەنگە بار» (گەجگەڭ قىچىشىپ كەتكەن بولسا تۈگمەنگە بېرىپ تاغار كۆتۈر دېگەن مەنىدە)، «ئۇچۇلۇق» (ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە مىنىش ۋە يۈك ئارتىشتا ئېشەك دۈمبىسىنىڭ يارىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان، ئېچىگە سامان تىقىلىپ بۆزدىن تىكىلىدىغان جابدۇق) دېگەندەك ئىبارىلەردە ئۇچا دۈمبە ۋە گەجگە مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان. بىزنىڭ بۇ ماقالىمىزدە ئۇچىنىڭ ئىستېمال مەنىسى ئالدىنقى بىرىنچى ئىستېمال مەنىسىدە قوللىنىلغان بولۇپ بۇ ئۇچىنى تەييارلاش جەريانىدا ئايرىم چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئۇچا تارتىش مەكتە خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مېھمان كۈتۈش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرى، مەشرەپ سورۇنلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىشىپ، دولان مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تۆۋەندە بىز ئۇچىنى تەييارلاش، پىشۇرۇش، پارچىلاپ تەقسىم قىلىش، يېيىش قاتارلىق جەريانلار ئاساسىدا بۇ خىل ئادەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

1. ئۇچىنى تەييارلاش. مېھماندارچىلىقنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇچا قىلىنىدىغان ئۇلاغ تاللىنىدۇ. مېھمان سانى بىر قەدەر ئاز بولسا سەككىز، ئون كىلوگرام ئەتراپىدا گۆش چىقىدىغان ئوغلاق ياكى 10 ـ 14 كىلوگرام گۆش چىقىدىغان پاقلان تەييارلىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى



2017 . 5

مېھماندارچىلىق (توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يىتىم مەشرەپ سورۇنلىرى)دا 15 ـ 20 كىلوگىرامغىچە گۆش چىقىدىغان يوغان ساغلىق قوي ياكى قوچقاردىن بىر ياكى بىر نەچچىسى تەييارلىنىدۇ. بۇنى تەييارلاشتا ساھىبخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ئاساس قىلىنىدۇ. ئىقتىسادى ياخشى ئائىلىلەر كۆپرەك، ئىقتىسادى تۆۋەن ئائىلىلەر ئازراق تەييارلايدۇ. ئۇچا قىلىنىدىغان ئۇلاغنى سويۇپ كاللا- پاقالچاقلىرىنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن بوينى ئاجرىتىۋېتىلىپ تاماق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە مېھمانلارنىڭ سانى ئازراق بولسا لەگمەن، كۆپرەك بولسا پولۇ (توي- تۆكۈن مەشرەپ سورۇنلىرىدا) ياكى سۇيۇقئاش (ئۆلۈم- يىتىمگە ئىسسىقلىق ئىچۈرۈش سورۇنلىرىدا) ئېتىلىدۇ. ئەگەر تاماققا كۆپرەك گۆش ئىشلىتىش كېرەك بولسا ئۇچىنىڭ تۆش گۆشىمۇ ئاجرىتىلىپ تاماق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بويۇن (تۆش) گۆشى ئاجرىتىۋېتىلگەندىن كېيىن پىشۇرۇش جەريانىدا خام قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇچىنىڭ يوتا، تارغاق قىسمىدىكى گۆش قاتلىمى قېلىن جايلار پىچاق بىلەن تىلىۋېتىلىدۇ.

2. ئۇچىنى پىشۇرۇش. (1) سۇدا پىشۇرۇش. تەييار قىلىنغان ئۇچا مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قازانغا (قازان چوڭ بولسا پۈتۈن پېتى تۈز ھالەتتە، كىچىكرەك بولسا بېلىدىن قاتلىنىپ) سېلىنىپ گۆش چۆككىدەك مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ سۇس ئوتتا ئىككى سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. قاينىتىش جەريانىدا تۈز سېلىنىپ بىر ئىككى قېتىم ئۆرۈلىدۇ. پاقالچاق گۆشلىرى سۆڭەكدىن ئاجراشقا باشلىغان ۋاقىتتا گۆش پىشقان ھېسابلىنىپ سۈزۈپ ئېلىنىدۇ، قاينىتىش جەريانىدا ئوت ئىتتىك بولۇپ كەتسە ئۇچىنىڭ قېتى پىشماي قالىدۇ. ئۇزاق قاينىتىلىپ كەتسە گۆشىنىڭ ئۇگىلىرى ئاجراپ كېتىپ، گۆشنى پۈتۈن پېتى سۈزۈۋالغىلى بولماي قالىدۇ ۋە تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئوتنىڭ ھارارىتى ۋە قاينىتىش ۋاقتىنى گۆشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ (پاقلان ۋە ئوغلاق گۆشلىرى بولسا ئازراق، چوڭ قوينىڭ گۆشى بولسا كۆپرەك قاينىتىش كېرەك) مۇۋاپىق كونتىرول قىلىش لازىم.

سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئاستى- ئۈستىگە ئۆرۈپ ئۆرۈپ تەكشى تۇز سۈيى سېپىلگەندىن كېيىن يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە سوۋۇتۇلىدۇ. (گۆش پارچىلايدىغان بۆكەللەرگە قولايسىزلىق كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇچا گۆش ئادەتتە سورۇنغا قىزىق پېتى ئېلىپ چىقىلمايدۇ). ئاندىن كېيىن ئۈستىگە تۆت دانە نان (دولان ئادىتىدە تۆت نان بىر توققۇز نان ياكى بىر خون نان دەپ ئاتىلىپ ئۇلۇغلىنىدۇ. مېھماندارچىلىقتا كۆپىنچە تۆت نان ئادەمگەرچىلىك قىلىنىدۇ) يېپىلغاندىن كېيىن سورۇنغا ئېلىپ چىقىلىپ سورۇن بېشى ئۇچا تارتىش مەقستىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئاندىن پارچىلاشقا تاپشۇرۇلىدۇ. ئادەتتە بىر ئۇچا سىمۋوللاشتۇرۇلۇپ «بىر پىيالە چاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) كاۋاپ قىلىش. دولانلاردا يەنە ئۇچىنى پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىش ئادىتىمۇ بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. كاۋاپ قىلىشتا ئۇچا گۆش تەييارلانغاندىن كېيىن گۆشنىڭ ھەممە يېرىگە تۇخۇم، ئۇن ۋە دورا- دەرمەكلەردىن تەييارلانغان بوتقا سۈرۈلۈپ، ئۈستىگە كۈنجۈت سېپىلىپ مەخسۇس تونۇرغا (بۇنداق تونۇرلار ئادەتتە نان ياقىدىغان ۋە زىخلىق تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇلىدىغان تونۇرلاردىن چوڭراق بولىدۇ، بىر قىسىم جايلاردا ھەتتا بىر نەچچە ئۇچىنى بىرلا ۋاقىتتا پىشۇرغىلى بولىدىغان چوڭ تونۇرلارمۇ بولىدۇ). بىر سائەت ئەتراپىدا ئوت قالىنىپ، تونۇرنىڭ ھاۋىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، چوغى ئوتتۇرىغا دۆۋىلىنىپ ئۇچا گۆش تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلىپ بىرەر سائەت ئەتراپىدا دۈملىنىدۇ. (بۇنىڭ ۋاقتىمۇ ئوخشاشلا قوينىڭ يېشى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ) دۈملەنگەندىن كېيىن پىشۇرۇش جەريانىدا تونۇرنىڭ داپخانىسىنى ئېچىپ- يېپىش ئارقىلىق تونۇرنىڭ ھارارىتى تەڭشەپ، ھارارىتى ئېشىپ كېتىپ كاۋاپنىڭ تېشى كۆيۈپ كېتىپ ئىچى خام قالىدىغان ياكى ھارارىتى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ كاۋاپ تولۇق پىشماي خام قالىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، پىشۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەشغۇلاتلار سۇدا پىشۇرۇلغان ئۇچا بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

(3) پۈتۈن قوي كاۋىپى. پۈتۈن قوي كاۋىپىنى تەييارلاشتا قوي بوغۇزلانغاندىن كېيىن (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساياھەتچىلىك ۋە چوڭ تىپتىكى مېھماندارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، موزاي ھەتتا بوتىلاقلارنى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغان ئىشلارمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بىراق ئاساسەن ئومۇملاشقىنى يەنىلا قوي كاۋىپى بولغاچلىقى ئۈچۈن نۆۋەتتە يەنىلا قوي ئۈستىدىلا توختىلىمىز).

MIRAS

بېشى كېسىۋېتىلمەستىن قۇلاق تۈۋىدىن باشلاپ تېرىسى ئاجرىتىلىپ سويۇلىدۇ. پاچاق ۋە ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن باش قىسمى پاكىز ئۆكلىنىپ باش قىسىم ئالاھىدە ياسالغان زىخلار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، سىرتقى قىسمىغا بوتقا سۈركىلىپ (بوتقا تەييارلاش ئۇسۇلى ئوخشاش) تونۇرغا سېلىنىدۇ. تونۇرنىڭ ھاۋىسىنى تەڭشەشكە قويۇلىدىغان تەلەپ ئۇچا كاۋپىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ئۇچا گۆشىنىڭ يوتا- پاقالچاقلىرى تىلىۋېتىلگەن بىلەن پۈتۈن قوينىڭكىنى ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇچا گۆشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئوتقا قاقلانغان بىلەن پۈتۈن قوي كاۋپىنىڭ سىرتقى قىسمىلا قاقلىنىپ ئىچكى قىسمى ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن پىششىقا قالدۇرۇلىدۇ. شۇڭا پۈتۈن قوي كاۋپىنى تەييارلاش بىر قەدەر قىيىن ۋە ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغان تائام تەييارلاش شەكلىدۇر. پۈتۈن قوي كاۋپى تەييار بولغاندىن كېيىن تونۇردىن ئېلىپ چىقىلىپ، پۈتۈن پېتى تۆت پۇتى دەسسىتىلىپ بېشى تىرىك قويلارنىڭكىگە ئوخشاش تىك ھالەتتە قىزىل شەلپەردىن لېنتا چىگىلىپ، ئاغزىغا ئاش كۆكى چىشلىتىلىپ سورۇنغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. سورۇن بېشى مېھماننىڭ ھۆرمىتىگە تەييارلانغان «چاي»نىڭ مەقسىتىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن سورۇن بېشىدىكى ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېھمانلار بىرەر پارچىدىن ئېغىز تەگكەندىن كېيىن (باش مېھمان چوقۇم قوينىڭ باش قىسمىدىن بىر پارچە گۆش يېيىشى لازىم، باشقا يەردىن كېسىپ قالسا ساھىبخانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق ۋە ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى بىلمىگەنلىك دەپ قارىلىپ يامان ئېلىنىدۇ). ئاندىن بۆكەللەرنىڭ پارچىلاپ تەقسىم قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

3. ئۇچىنى پارچىلاش. ئۇچىنى پارچىلاش ۋە تارقىتىش ئۇچا پارچىلىغۇچى بۆكەللەردىن ئالاھىدە ئۇستىلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئۇچا گۆش چوقۇم سورۇنغا داخىل بولغان ھەر بىر كىشىگە مەيلى ئۇ چوڭ يۇرت كاتتىسى ياكى ئاتا- ئانىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن كىچىك بالا بولسۇن سۆڭەكى، يېغى ۋە گۆشى ئارىلاشقان ھالدا تولۇق يەتكۈزۈلۈشى كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇرۇنقى سىرىقتال مەزگىلىدىمۇ توي- تۆكۈنلەردە بىر ئۇچىنىڭ گۆشى سورۇندىكى نەچچە يۈز كىشىگە تەڭ تەقسىم قىلىنىدىغان ئادەت ئۆزگەرمىگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھاللىنىشىغا ئەگىشىپ چوڭ تىپتىكى توي- تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرى، ئۆلۈم- يېتىم، ئىسسىقلىق ئىچۈرۈش، مېھماندارچىلىقىغا كەم دېگەندە ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ئۇچا تەييارلىنىپ، گۆش يېتەرلىك بولغاچقا بۆكەللەرمۇ گۆشنى كەڭ- كۇشادا پارچىلايدىغان بولدى.

ئۇچا ئېلان قىلىنىپ سورۇنغا قويۇلغاندىن كېيىن مېھمان تەرەپتىن ئابرۇيلۇق، قولى ئەپلىك بىر كىشى، ساھىبخان تەرەپتىن بىر كىشى چىقىپ گۆشنى پارچىلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. توي- تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا ئالدى بىلەن بىر پۈت گۆش ئايرىۋېلىنىپ مېھمانغا زەللە قىلىپ يۆگىلىدۇ. (ئەگەر گۆش كۆپ يېتەرلىك بولسا يوتا بىلەن قوشۇلۇپ، ئەگەر گۆش ئازراق بولسا پاقالچاق قىسمى يۆگىلىدۇ). بۇ بىر تەرەپتىن مېھمانغا قىلىنغان ھۆرمەتنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھماننىڭ ئائىلىسىنى يەتكىل قىلىپ داۋاملىق مېھماندارچىلىققا كېلىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقتەك سىمۋوللۇق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا مەكتە خەلقنىڭ مېھماندوست، قولى ئوچۇق، مەرد، سېخىي خاراكتېرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۆلۈم- يېتىم ۋە باشقا كوللېكتىپ مەشرەپ سورۇنلاردا بۇنداق قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. زەللە گۆش ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن بۆكەللەر گۆشنى ئاۋۋال قوۋۇرغا، قۇيرۇق، پاقالچاق قاتارلىق بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈۋېلىپ، ئۇستىخان گۆشلىرىنى تەڭشەپ پارچىلاپ يوغان بىر تەڭنىگە (داسقا) ئېلىپ تەييارلايدۇ.

4. ئۇچا گۆشنى تەقسىم قىلىش ۋە يېيىش. ئۇچا پارچىلىنىپ تەييارلانغاندىن كېيىن مېھمان تەرەپتىن كەلگەن بۆكەل گۆشنى ئاۋۋال تۆردىن باشلاپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پولۇنىڭ ياكى ناننىڭ ئۈستىگە قويۇپ تارقىتىشقا باشلايدۇ. قازان بېشىدا يېقىن تۇرغان ئۇرۇق- تۇغقان، ھەققەمسايىلەر ۋە ساھىبخان تەرەپكىمۇ بەلگىلىك نېسىۋە قالدۇرۇلىدۇ. گۆش سورۇن ئەھلىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئورنىغا قارىماستىن تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر گۆش كۆپ بولۇپ بىرىنچى قېتىم تارقىتىشتا ئېشىپ قالسا ئېشىپ قالغان گۆش يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا بىرەر پارچىدىن قوشۇلۇپ ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ئىپادىلىنىدۇ، ئەگەر گۆش چاغ بولۇپ قالسا ئۇنداق قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇشاقلارغا گۆش بەرمەي چوڭلارغا چوڭ- چوڭ قويۇش يامان ئادەت دەپ قارىلىدۇ ۋە بۇنداق قىلغان نەپسانىيەتچى كىشىلەر قايتا بۆكەللىككە قويۇلمايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە ئېلىنمايدۇ. گۆش تارقىتىلىپ بولۇنغاندىن



كېيىن يۇرت چوڭىنىڭ باشلاپ قول
سېلىپ بېرىشى بىلەن گۆش يېيىش
باشلىنىدۇ، تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن
تائامغا قول ئۇزىتىش ياكى كىچىك با-
لىلارنىڭ چوڭلاردىن بۇرۇن داستى-
خانغا قول ئۇزىتىشى چەكلىنىدۇ.
ئەگەر گۆش پولۇ ئۈستىگە بېسىلغان
بولسا چوقۇم پىچاق بىلەن ئۇششاق
پارچىلىنىپ ھەمتاۋاق بولغان ئىككى
كىشى ئالسىلا، باقسىلا دېگەن تەكلىپ
بىلەن گۆش ۋە پولۇدىن تەڭ بەھرىلە-
نىشى كېرەك. ئەگەر گۆش نان ئۈس-
تىگە ھەر بىر ئادەمگە ئايرىم قويۇل-
غان بولسا ساھىبخان گۆشكە تەكلىگەن-
دىن كېيىن ھەرقانداق ئادەم گۆشتىن بىر لوقما ئېلىپ يې-
يىشى كېرەك. ئەگەر ئۆيدە ئۇششاق باللىرى ياكى ياشان-
غان ئاتا-ئانىسى قالغان بولسا بىر لوقما يېگەندىن كېيىن
يېيىشتىن توختاپ قالغان قىسمىنى نانغا يۆگەپ زەللە
قىلىپ ئېلىۋالسىمۇ بولىدۇ. گۆشنى يېمەيلا زەللە قىلىش
ياكى تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىنمۇ گۆشكە قول ئۇزارتماس-
لىق ساھىبخانغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ.
ئائىلە بويىچە مېھماندارچىلىققا تولۇق كەلگەن، زەللە ئال-
مىسىمۇ بولىدىغان كىشىلەر گۆشنى نەق مەيداندا يەپ تۈ-
گەتسىمۇ بولىدۇ، ئومۇمەن گۆش يېيىلىپ ۋە زەللە يىغىش-
تۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلىدۇ.

5. ئۇچا تارتىش ئادىتىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئەھ-
مىيىتى.

(1) ئۇچا تارتىش ئارقىلىق كوللېكتىپ تاماقلىنىش ئا-
دىتى نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز ئادەم بىر سورۇندا
ئولتۇرۇپ تەڭ باراۋەر تەقسىم قىلغان گۆش (تاماق)تىن
تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان بىر خىل تاماقلىنىش شەكلى
بولۇش سۈپىتى بىلەن مەكىت خەلقىدە ئۆزئارا ھەمكارلە-
شىپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىناق-ئىتتىپاق كەيپى-
ياتنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ
خىل ئادەتنى ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش قارىشى تەكىتلىنى-
ۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندىمۇ تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇ-
رۇش زۆرۈر بولغان، جەمئىيەت ئىناقلىقنى ئىلگىرى
سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، مېھر-مۇھەببەتلىك
سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىنى تېزلىتىشتە مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدى-
غان، ئىجابىيلىققا، ئىلغارلىققا ئىگە بولغان، ياخشى ئۆرپ-
ئادەتلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ناماقۇللۇق چېيى، ناماقۇللۇق مەشرىپى قاتارلىق ئۇچا
تارتىلىدىغان ئاممۇۋى پائالىيەتلەردە «بىر پىيالە چاي» نا-
مىدىكى ئۇچا گۆشنىڭ ھۆرمىتى مەكىت خەلقى ئوتتۇرىسى-
دىكى ھەرقانداق ئاغرىق-ئاداۋەت، ئارازلىق، نىزالارنى
تۈگىتىپ ئۇلارنى قايتىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مەنىۋى
كۈچ سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ
بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇ-
رۇش سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىش-
لەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر خىزمەتلەرنىڭ بىرى دەپ قا-
راشقا بولىدۇ.

(2) ئۇچا تارتىش ئارقىلىق مېھمان كۈتۈش ئادىتى
مەكىت خەلقىنىڭ مەرد، سېخىي، كەڭ قورساق، باتۇر،
مەردانە خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋى
ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنكى
كۈندە دولان مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرۇش، جۇملىدىن
مەكىت ناھىيەمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت ساياھەتچى-
لىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم قىزىش
قىممىتىگە ئىگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ
بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيە بازار جەمئى يېزا چامغۇرلۇق كەنت
باشلانغۇچ مەكتەپتە)



# مەكت خەلقىنىڭ قوي مەدەنىيىتى

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

مەكت خەلقى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق قاتارلىق تارىخىي تەرەققىيات دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاساسەن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى خىلۋەت جايلارنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەچكە، چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش دەۋرى كېيىنرەك بولغان، روشەنكى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قوي مەدەنىيىتى يارىتىشىدا بەلگىلىك رولنى ئوينىغان.

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قوي مەدەنىيىتى زادى نېمە؟ مەكت خەلقىنىڭ قوي مەدەنىيىتى، ئۇلارنىڭ مەكت قويىدىن ئىبارەت ئەلا نەسلىنى يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئەرمەك ھايۋان دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئىنسانلار قولغا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ئىچىدە، ئات، كەپتەر، ئىت، مۈشۈك... قاتارلىق ئاز بىر قىسىم ھايۋانلارلا ئەرمەك ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. قوي، كالا، ئۆشكە قاتارلىق قولغا كۆندۈرۈلگەن خېلى كۆپ ھايۋانلار گەرچە ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېخى ئەرمەك ھايۋان ھېسابلانمايدۇ. ئەرمەك ھايۋان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن، شۇ ھايۋان گۆشىدىن ياكى كۈچىدىن پايدىلىنىش قىممىتىدىن ھالقىپ، ئىنسانلارغا بىر خىل ھۇزۇرلىنىش، زوقلىنىش قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. دۇنيادىكى 600 خىلدىن كۆپرەك قوي نەسلىنىڭ قىممىتى ئوخشاشلا گۆش، يۇڭ-تېرە قاتارلىق ئىقتىسادىي ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنسە، پەقەت مەكت قويىنىڭ قىممىتىلا مۇشۇ قوي نەسلىنى ياخشىلاش يولىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىزچىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ كەلگەن دولانلارنىڭ پىسخىكىسىدىكى ھۇزۇرلىنىش، زوقلىنىش ئامىللىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە، بىر تۇياق قوچقارنى 5 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا ساتقىلى ئۇنىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. 2002-يىلىدىكى مەكت قويىنىڭ باھاسى 5-قېتىم ئۆرلەش مەزگىلىدە، يەكەن باغئاۋات يېزا تەۋەسىدىكى مەمتىمىن ئوسمان ئۆزىنىڭ ئازىلاپ بېقىۋاتقان بىر تۇياق نەسىللىك قوچقىرىنى سېتىۋېلىشقا كەلگەنلەرگە 500 مىڭ يۈەن باھا قويغان. ئۇنىڭ مەقسىتى قوچقارنى قىممەت پۇلغا سېتىۋېلىش بولماستىن، بەلكى «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دېگەن تەمسىلدىن پايدىلانماقچى بولغان. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن خېرىدار باھا تالاشمايلا پۇل ساناشقا باشلىغان. بۇنى كۆرۈپ مەمتىمىن ئوسمان بايىقى گېپىدىن يېنىۋېلىپ، قوچقارنى زادىلا ساتقىلى ئۇنىمىغان. مەكت قويىنىڭ ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدىن تازا خەۋىرى يوق كىشىلەر بۇ گەپكە ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىكنى تازا بىلەلمەي يۈرگەندە، 2010-يىلى 6-قېتىم باھا ئۆسۈش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ ئەشمە يېزا تەۋەسىدىكى مىجىت قارىم يىراق-يېقىنغا داڭقى كەتكەن بىر تۇياق قوچقىرىنى 5 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا ساتقىلى ئۇنىمىغان.

ناۋادا ئاشۇ بىر تۇياق قوچقارنى ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىسادىي قىممەت بويىچە ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 200 كىلوگرام دېگەن تەقدىردىمۇ، 100 كىلوگرام گۆش چىققان بولىدۇ. 5 مىليوننى 100 گە بۆلسەك، بىر كىلوگرام گۆش 50 مىڭ يۈەندىن چۈشكەن بولىدۇ. بۇنىڭغا تېرە، يۇڭ... قاتارلىقلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇ قوچقارنىڭ 5 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا خېرىدار قايسى قىممەتنى كۆزدە تۇتۇپ 5 مىليون يۈەن سانىماقچى بولغان ۋە ھەمدە قوچقار ئىگىسى يەنە قايسى خىل قىممەتنى كۆزدە تۇتۇپ ساتقىلى ئۇنىمىغان؟ ناھايىتى روشەنكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆزدە تۇتقىنى نوقۇل

هالدىكى ئىقتىسادىي قىممەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
نەسىل ئۆلچەملىرىدە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئاشۇ
داڭلىق قوچقارغا بولغان ھېرىسمەنلىك، ئۇنىڭدىن زوقلە-
نىش ۋە ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇلىرى مۇھىم رول ئوينىغان.
دېمەك، نەسلى ئەلا مەكىت قويى بۇ رايوندا ئەرمەك
ھايۋان قاتارىغا قوشۇلغان.

ئەلا نەسىللىك مەكىت قويلىرىنىڭ ھەققەتەن ئەرمەك
ھايۋان دەرىجىسگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتى-
لاردىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1 . قويلارغا ئىسىم قويۇش. ئىسىم ئەلمىساقتىن بۇيان
پەقەت ئادەملەرگىلا قويۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، گەرچە
يۇرت-جاي، ھايۋانات ۋە زىرائەت قاتارلىق باشقا بارلىق
مەۋجۇداتلارمۇ ئىسىمسىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەھەر،
يېزا، بۇغداي-قوناق، ئات-كالا... دېگەندە ئورتاق ئە-
سىملار بىلەن ئاتىلىپ، ئادەملەرگە ئوخشاش ھەر بىر جان
ئىگىسىگە بىردىن خاس ئىسىم قويۇلىدىغان ئادەت بولمى-
غان. كېيىن قولغا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارمۇ تەبىئىي ھالدا
ئەرمەك ھايۋانلار ۋە ئادەتتىكى ھايۋانلاردىن ئىبارەت
ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەندىن كېيىنلا، ئەرمەك ھايۋانلارغى-
مۇ ئادەمگە ئوخشاش خاس ئىسىم قويۇش ئادىتى بارلىققا
كەلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە
خاس ئىسمىنىڭ بولۇش-بول-
ماسلىقى، شۇ ھايۋاننى ئەرمەك
ھايۋان ھېسابلاشقا بولىدىغان-
بولمايدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر بەل-
گىسى دېيىش مۇمكىن.



مەكىت قويىدىن ئىبارەت
بۇ ئەلا نەسلىنىڭ بارلىققا كې-
لىشتىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنكى
ھالغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتى-
كى بېسىپ ئۆتكەن تەبىئىي تە-
رەققىيات جەريانىمۇ بۇ باياۋ-
لارنىڭ مەزمۇنى بىلەن تامامەن
بىردەك بولۇپ، 1920 - يىلىنىڭ
ئالدى-كەينىدە بۇ قوي نەسلى
بارلىققا كەلگەندە، باشقا ئادەت-
تىكى قويلاردىن پەرقلەندۈ-
رۈش ئۈچۈن، «قاڭشارلىق قوي»، «قىرغىزەك» دېگەن-
دەك ئورتاق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن كې-
يىنچە بەزى داڭلىق قويلارغا «ئالا پاچاق»، «قارا
قۇيرۇق» دېگەندەك خاس ئىسىملار قويۇلۇشقا باشلىغان.
ھازىر ئىسىملار تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، قوچقارلارغا
«بوز بەگ»، «قۇتبەگ»، «بەگباشباي» ۋە «قىرانباي»
دېگەندەك؛ ساغلىقلارغا بولسا «مۇڭ مەرەم»، «جەمە-
لەم»، «چالا مەرەم» ۋە «ھەسەل مەرەم» دېگەندەك
ئىسىملار قويۇلۇشقا باشلىدى. گەرچە مەكىت قويلىرىنىڭ
ھەممىسىنىڭلا ئۆزىگە خاس ئىسمى بار دېگىلى بولمىسىمۇ،
لېكىن باھاسى 100 مىڭ يۈەننىڭ ئالدى-كەينىدىكى
داڭلىق قويلارنىڭ كۆپىنچىسىنى كىشىلەر خاس ئىسىملار
بىلەن ئاتىشىدۇ. باھاسى 10 مىڭ يۈەننىڭ ئالدى-كەيىنى-
دىكى قويلارنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن شۇ
قوي ئىگىسى ئۆزى قويۇۋالغان خاس ئىسىم بىلەن ئاتاي-
دىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

دېمەك، قويلارغا خاس ئىسىم قويۇشتىن ئىبارەت
باشقا قوي تۈرلىرىنىڭ ھېچقانداقىدا بولمىغان بۇ ئۆزگىچە
ھادىسە، قويغا ھېرىسمەن مەكىت خەلقى ئارىسىدا
مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ تەرەققىي قى-
لىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

2. قوزىلارنى يوقلاش. مەكتتە قوي باققان كەسپىي ئائىلىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشىپ قوي ھەققىدە پاراڭلىشىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغاندىن باشقا، يېڭى تۇغۇلغان قوزىلارنى ئالاھىدە يوقلاپ بارىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ خىل ئادەت، مەكت قويىدىن ئىبارەت تاشقى كۆرۈنۈشى تولىمۇ چىرايلىق، ئىقتىسادىي قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان بۇ ئەلا نەسىللىك قوي تۈرى مەكتتە ئەرمەك ھايۋان قاتارىغا قوشۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، گەرچە يېڭى تۇغۇلغان قوزىلارنى يوقلاپ بارغۇچىلار ئالاھىدە سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ بارمىسىمۇ، لېكىن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ قوزىلارغا، جۈملىدىن مەكت قويلىرىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قايسى خىلدىكى قوچقارلارنى قايسى خىلدىكى ساغلىقلار بىلەن چېپىشتۇرسا، قانداق قوزا چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قوزىلارنى يوقلاش داۋامىدا نەچچە 10 مىڭ، ھەتتا نەچچە 100 مىڭ يۈەنلىك سودىدا پۈتۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، بەزىدە ھەتتا يوقلاپ بېرىلغان ئاشۇ قوزىنىڭ سودىسى بولۇپمۇ قالىدۇ. بۇ خىل سودا سەل ئالاھىدىرەك بولۇپ، يوقلاپ بارغۇچىلاردىن بىرى قوزىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا كۆزى قىيمىغان ئەھۋالدا، نەق مەيداندا سودىلىشىپ، پۈتۈشكەن پۇلنى نەق بېرىدۇ-دە، ئۈچ ياكى تۆت ئايلىق بولغاندا ئېلىپ كېتىشكە ۋەدىلىشىپ قايتىپ كېتىدۇ.

سودا قىلىشقان ھەر ئىككى تەرەپ لەۋزىدە تۇرىدۇ. نەچچە ئايدىن كېيىن قوزا تېخىمۇ كۆركەملىشىپ، بازاردىكى ئەمەلىي باھاسى ئېشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، ھەتتا باشقا خېرىدارلار كېلىپ يەنە نەچچە مىڭ يۈەن ئارتۇق ئالماقچى بولغان تەقدىردىمۇ ۋە ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە بازار باھاسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، قوزىنى سېتىۋالغۇچى زىيان تارتقان ئەھۋالدىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ باشتىكى پۈتۈشكەن سودىدىن ھەرگىز يېنىۋالمايدۇ. ئەمما ھېرىسمەنلىكى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ، بىر نەچچە ھەپتىلىك، ھەتتا بىر نەچچە كۈنلۈك بولغان قوزىلارنىمۇ سودىدا پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىنلا ئانىسىدىن ئايرىپ ئېلىپ كېتىپ ئۆچكىگە ئېمىتىپ باقىدىغان ئادەتمۇ يوق ئەمەس.

3. «ھۆسن تۈزەش». ئەرمەك ھايۋان بىلەن ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ يەنە بىر كۆرۈنەرلىك پەرقى، «ھۆسن تۈزەش»تە ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە مەكتتە قوي بېقىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە قويلارنىڭ «ھۆسنىنى تۈزەش» ئادىتى بار دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مەخسۇس مەكت قويى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە تىجارەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىستىتىك زوق بىلەن باققانلارنىڭمۇ مۇتلەق كۆپچىلىكى قويلارنىڭ «ھۆسنىنى تۈزەش»كە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. قوزا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈنلۈك بولغاندا بويىنىغا تىلتۇمار ياكى كۆز مونچاق ئاسىدۇ. بۇ يامان كۆزلەردىن ساقلاپ، شۇ قوزىنىڭ ئامان-ئېسەن چوڭ بولۇشىنى تىلەش ئىستىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ قوزا پاقلان بولۇپ تۇنجى قېتىم قىرقىلغاندا، سۆڭگىچىگە كۆكۈلا قويۇلىدۇ. بۇ پاقلاننىڭ تېخى يېشىغا توشمىغان «نارەسىدە» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، قوي ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، پاقلان يېشىغا توشۇپ رەسمىي قويلار قاتارىغا قوشۇلغاندىن كېيىن بويىنىغا بويۇنچۇق ئاسىدۇ.

بويۇنچۇق مەكت قويلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئادەتتە ئۇ تەبىئىي تېرە-تاسمىلارنى ھەر خىل چوڭ-كىچىكلىكتە تىلىپ، چىرايلىق توقۇش ۋە ئۈستىگە كۆز مونچاق، رەڭلىك مارجان، كىچىك قوڭغۇراق، ئەگۈۋىلا قاتارلىقلارنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتىكىلىرى 20 ـ 30 يۈەندىن، ئالاھىدىرەكلىرى 100 يۈەندىن سېتىلىدۇ. بويۇنچۇقنىڭ رولى قويلارنى باغلاش ۋە ھەم كۆركەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئۇسسۇيدىغان قوچقارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باغلاش رولى ئاجىزلاپ، كۆركەملەشتۈرۈش رولى كۈچىيىپ بارماقتا.

قويلارنىڭ باش-كۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئالاھىدە ياساش ۋە يۇيۇپ تاراش — قويچىلارنىڭ «ھۆسن تۈزەش»تىكى يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئادەتتە بويۇنچۇق ئېسىلغان مەكت قويلىرى ئەتىيازدا ھاۋا ئىسسىغاندىن باشلاپ، كۈندە بولمىسىمۇ ھەپتىدە بىر قېتىم سوپۇن بىلەن يۇيۇپ تارىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قويلار

2017.5

تو ﯓرا- قاسماقلاردىن ئادالىنىپ، يۇﯓلىرى پارقىراپ، تېخە-
مۇ كۆركەملىشىپ كېتىدۇ. يەنىمۇ ئالاھىدە بولغىنى شۇكى،
مەخسۇس مەكىت قويى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
كەسپىي قويچىلار قويلارنى بازارغا ئەكىرىشتىن بۇرۇن
باش- كۆزىنى كۆﯓۈل قويۇپ ياسايدۇ. بولۇپمۇ قۇلاقنىڭ
ئالدى- كەينى ۋە ئاستى- ئۈستىدىكى يۇﯓلارنى شۇ دەرى-
جىدە پاكىز قىرىدۇكى، ئۇقمىغان ئادەم ئۇستىرا بىلەن
چۈشۈرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپمۇ قالىدۇ. قۇلاق
ئەتراپىدىكى يۇﯓلارنى شۇ دەرىجىدە پاكىز قىرقىشتىكى
سەۋەب، قۇلىقى پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن ۋە كەڭ كەلگەن
مەكىت قويلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بۇ روشەن ئالا-
ھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

مەكىت قويلىرىنىڭ «ھۆسنىنى تۈزەش»تىمۇ يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ھەيران قالارلىق يېﯕىلىقلار بارلىققا
كەلدى. نەسىل ئۆلچەملىرىدە باشقا تەرەپلىرى ئۆلچەمگە
توشسىمۇ، لېكىن قۇيرۇقى پەسرەك ياكى پاقلان ۋاقتىدا
قۇيرۇقى ئۈستۈن بولسىمۇ، يېشىنىڭ چوﯕىيىشىغا ئەگىشىپ
قۇيرۇقى ساﯕگىلاپ كەتكەن ساغلىقلار ئۈچۈن، «قۇيرۇق
تۈزەش ئوپېراتسىيەسى» مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان
چارۋا دوختۇرلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇ خىل مۇلازىمەتنى
گەرچە چارۋا دوختۇرلىرى بەجا كەلتۈرسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ «پاتېنت ھوقۇقى»نى داﯕلىق قوچقارلارنىڭ ئىگىلى-
رىگە مەنسۇپ دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ساغلىقلىرىنى
داﯕلىق قوچقارلاردىن ئۇرۇقلاندۇرۇشقا ئېلىپ بارغان
قوي ھەۋەسكارلىرى، قوچقار ئىگىسىنىڭ: «ساغلىقىڭىزنىڭ
قۇيرۇقى پەسكەن. قوچقار چاپرىيالمايدۇ. شۇﯕا x x جاي-
دىكى x x دوختۇرنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇ-
رۇپ كېلىڭ...» دېگەن سۆزى بويىچە، چارۋا دوختۇرد-
نىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، ساغلىقنىڭ قۇيرۇقىنى ئوپېراتسىيە ئار-
قىلىق ئۈستىگە كۆتۈرگۈزۈپ، قوچقارغا يارىغۇدەك قىلىپ
قايتا ئاپىرىدىغان ئىشلار پەيدا بولدى.

4. ھەقىقىي تۇردە كۆيۈنۈپ بېقىش. قوي بېقىش
دېگەن بۇ ئۇقۇمدىن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا يايلاقلاردا
يايلىتىپ بېقىلىۋاتقان قوي پادىلىرى ياكى ئېغىل- قوتانلار-
دا يەم- بوغۇز بىلەن بوردىلىۋاتقان توپ- توپ قويلار كې-
لىشى مۇمكىن. بۇ مەكىت قويلىرىنى بېقىش بىلەن سېلىش-
تۇرغىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكى قويلار ئوت- چۆپنى ئاساس
قىلغان ھالدا بېقىلسا، مەكىت قويلىرى يەم- بوغۇزنى
ئاساس قىلغان ھالدا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ بېقىلىدۇ. بۇ
يەردە كۆزدە تۇتۇلغان يەم- بوغۇز، قوناق ياكى قوناق
يارمىسى، زىغىر كۈنجۈرىسى، كېپەك، زاغرا نان قاتارلىق-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چىگىت كۈنجۈرىسى،
چىگىت شاكىلى (پوستى) قاتارلىق زەھەرلىك تەركىبلەر ئا-
دەتتە مەكىت قويلىرىغا بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھا-
يىتى ئاددىي بولۇپ، چىگىت شاكىلى ۋە كۈنجۈرىسى
بىلەن بېقىلغان قويلارنىڭ سۈتى كېسىلىپ كېتىدىغان بول-
غاچقا، قوزىلارنىڭ پورەك چوﯕىيىشىغا تەسىر يېتىپلا قال-
ماستىن، چوڭ قويلاردىمۇ ئۈچ- تۆت ئايدىن كېيىن ئىزد-
دا چۆرگىلەيدىغان، قوچقارلار سىيەلمەيدىغان كېسەللىك
ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇﯕا مەكىتلىكلەر شۇ دەرىجىدە
كۆيۈنۈپ باقىدۇكى، بەرگەن يەم- بوغۇزلىرىنىڭ زەھەر-
سىز بولۇشىغا كېپىللىك قىلىشتىن تاشقىرى، بەزى كىشىلەر
ھەتتا ئېغىل- قوتانلارغا قىشتا مەش قويۇپ، يازدا شامال-
دۇرغۇچ ئورنىتىدۇ. ئادەتتىكى قويلار ئاغرىپ قالسا
چارۋا دوختۇرلىرىنىڭ يېنىغا ئېرىنمەي ئاپىرىپ نەچچە
كۈنلەپ داۋالاتقاندىن باشقا، داﯕلىقراق قويلار ئاغرىپ
قالسا ھەتتا ئۈرۈمچىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ئا-
لاھىدە داۋالىتىدۇ. ئىككىنى قوزىلىغان ساغلىقلارنىڭ ئو-
رۇقلاپ كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن، سۈت ئۆچكىلىرىنى سېتىۋېلىپ قوزىلارنى شۇنىڭ-
غا ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ. قوزىلارغا «ئىنىك ئانا» تېپىپ
بېرىپ، ساغلىقنىڭ كۆركەملىكىنى ساقلايدىغان مۇنداق
قوي بېقىش ئۇسۇلى، بەلكىم باشقا قوي نەسىللىرىگە تېخى
نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك.

قويلارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە پا-
كىتى شۇكى، بۇ يەردە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان
بىر ئادەم، بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئەتىۋارلىق بىر
تۇياق قويى جان تالىشىۋاتقاندا، ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى
يېيىش ياكى سېتىشنى ئويلاشماستىن، ئەكسىچە ئۆلگەندىن
كېيىن ئۆز ئېغىلىغا كۆمگەن. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە،
بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى ئىككى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ
ساغلىق بەش يىل ئىچىدە توققۇز تۆل بېرىپ، ئىگىسىنى

جەمئىي 100 ملىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلغا ئېرىشتۈرگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئىگىسىگە شۇ دەرىجىدە ئېچىل بولۇپ كەتكەنكى، ناۋادا بازارغا ئاپىرىشقا توغرا كەلسە، باشقا قويلارغا ئوخشاش باغلاپ يېتىلەپ ماڭمىسىمۇ، خۇددى ئۆگىتىلگەن ئاپشاركىلاردەك ئىگىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان. شۇڭا ئىگىسى ئۇنى سېتىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، تاكى قېرىپ ئۆلگىچە باققان.

5. ئېلىم - سېتىمدىكى ئۆزگىچىلىك. ئادەتتىكى قوي - سودىسىدا ئاساسلىقى شۇ قوينىڭ گۆش بېرىش نىسبىتىگە، يەنى ئىقتىسادىي ئامىللارغا قاراپ ئىش كۆرۈلسىمۇ، لېكىن مەكىت قويلىرىنىڭ سودىسىدا تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە قاڭشار، قۇلاق، قۇيرۇقتىن ئىبارەت «ئۈچ ‹ق› ئۆلچىمى» ئاساس قىلىنغان ھالدا، بوي - تۇرقى، يېشى، رەڭگى قاتارلىقلارغا قارىلىدۇ، ئاندىن ئەجدادى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش — مەكىت قويلىرىنىڭ ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكىنىڭ تۈنجىسى بولۇپ، ئۇ باھاغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. گەرچە بازارغا ئېلىپ كىرىلگەن قويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەجدادى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈلۈپ سودا قىلىنىدىغان ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن تەجرىبىلىك قويچىلار بۇ نۇقتىغا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ. بولۇپمۇ نەسل ئېھتىياجى ئۈچۈن بېقىلىدىغان قوچقارلارنى ياكى تېخى چىش يېمىگەن پاقلان - قوزىلارنى سېتىۋېلىشتا، ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش ئۆتكىلى تولىمۇ چىڭ ئىگىلىنىدۇ. چۈنكى «ئۈچ ‹ق› ئۆلچىمى» ھەمدە يېشى، بوي - تۇرقى، رەڭگى قاتارلىق تاشقى ئامىللار ئوپمۇئوخشاش بولغان شارائىتتىمۇ، خاس ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان داڭلىق قويلاردىن چۈشكەن قوزا - پاقلانلار بارغانسېرى كۆركەملىشىپ بارسا، ئادەتتىكى قويلاردىن تاسادىپىي چىرايلىق چۈشكەن قوزا پاقلانلار چوڭ بولغاندا خېمىغا يېنىپ يەنە ئادەتتىكى قويغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا «ئۈچ ‹ق› ئۆلچىمى» ئوخشاش بولغان شارائىتتىمۇ، ئەجدادى داڭلىق قوزا - پاقلانلار نەچچە ملىڭ، ھەتتا نەچچە ئون ملىڭ يۈەن قىممەت سودا قىلىنسا، ئەجدادى ئېنىق بولمىغانلىرىنىڭ باھاسى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن داڭلىق قويلاردىن چۈشكەن قوزىلارغا ئالدىن پۇل بېرىپ سودىلىشىپ، كېيىن قوزا چوڭ بولغاندا ئېلىپ كېتىش ھادىسىسىمۇ ماھىيەتتە ئەجداد سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىچە ئادەتنى باشقا قوي تۈرلىرىنىڭ سودىسىدا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

بازاردىكى باھادىن ئۆيدىكى باھانىڭ ئۈستۈن بولۇشى — مەكىت قويلىرىنىڭ ئېلىم - سېتىم قىلىنىشىدىكى ئىككىنچى ئۆزگىچىلىك بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىچىلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى يەنىلا مەكىت قويلىرىنىڭ ئەرمەك ھايۋان قاتارىغا قوشۇلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە مەكىت قويلىرىمۇ باشقا بارلىق چارۋا ماللارغا ئوخشاش بازاردا ئېلىم - سېتىم قىلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، بازاردىكى ئېلىم - سېتىم نوقۇل پايدا - مەنپەئەت ئۈستىگىلا قۇرۇلغان بولغاچقا، قىلنى قىرىققا يارىدىغان ئۇسۇللار بىلەن باھا تالىشىش ئارقىلىق بىر ياقلىق قىلىنىدۇ، ئەمما يەنە بىر خىل ئېلىم - سېتىممۇ بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئائىلىلەردە، داستىخان ئۈستىدە بىر ياقلىق قىلىنىدۇ. مەكىت قويى باقىدىغانلار، مەكىت قويلىرىنىڭ بازاردىكى باھاسى چۈشۈپ كەتكەن شارائىتتىمۇ، داڭلىق قويچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ داڭلىق قويلارنىڭ ئەۋلادى بولسىلا، بازاردىكى ئەمەلىي باھادىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق باھادا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

ئېلىم - سېتىم قىلىنىدىغان بارلىق ماللارغا ئوخشاش، مەكىت قويلىرىنىڭ باھاسىمۇ بەزى يىللاردا ئۆرلەپ، بەزى يىللاردا تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ. 2004 - يىلى يازدىن 2006 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىق مەكىت قويلىرىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئەڭ تۆۋەن بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ھەر قانچە ياخشى قوي بولغان تەقدىردىمۇ، بازاردا 10 ملىڭ يۈەندىن ئېشىپ ئالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەنىدى، ھەتتا ئالدىنقى يىللاردا 15 ملىڭ يۈەن بىلەن 20 ملىڭ يۈەن ئارىلىقىدا ئالغان قويلارنى ئۈمىدسىزلەنگەن قوي ئىگىلىرى بازارغا ئېلىپ چىقىپ 500 — 600 يۈەندىن سېتىۋېتىشكە

2017.5

مەجبۇر بولغان. ئەمما بۇ پەقەت بازار سودىسىدىكى ئەھۋال بولۇپ، ئائىلىلەردە داستىخان ئۈستىدە بولىدىغان سودىدا، تۆۋىنى 20 مىڭ يۈەندىن، يۇقىرىسى 60 مىڭ يۈەنگىچە سودا بولۇپ تۇرغان.

سودا قىلىنىپ بولغان قويلارنى پايدا بېرىپ قايتا سېتىۋېلىش مەكىت قويلىرىنىڭ ئېلىم - سېتىمىدىكى ئۆزگىچىلىك بولۇپ، گەرچە بۇ خىل ئەھۋالنى باشقا جايلاردىكى قوي سودىلىرىدا يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مەكىت قويلىرىنىڭ سودىسىدىكىدەك ئومۇمىي تۈس ئالغان بولۇشى ناتايىن.

مەكىت قويلىرىنىڭ مەيلى تاشقى جەھەتتىكى كۆركەملىكى بولسۇن ياكى نەسل جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى ۋە ياكى ئەرمەك ھايۋانلاردا بولىدىغان ئادەمگە ئېچىللىقى جەھەتتىن بولسۇن، باشقا قوي نەسىللىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئالاھىدىلىكلىرى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن، باھانىڭ يۇقىرى بولۇشى، بۇ قويلارنى سېتىۋالىدىغان كىشىلەرنى تەبىئىي ھالدا سوغۇققان، ئېھتىياتچان قىلىپ قويغان، شۇ سەۋەبتىن مەكىت قويىنى ئېلىش ئۈچۈن بازارغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال كۆزىتىپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. باھا مۇقىملىشىپ، سودا پۈتكەندىن كېيىن، ئادەتتە 10 مىڭ يۈەننىڭ ئالدى - كەينىدە سېتىلغان قويلارغا بىر نەچچە مىڭ يۈەن؛ 100 مىڭ يۈەننىڭ ئالدى - كەينىدە سېتىلغان قويلارغا بىر نەچچە 10 مىڭ يۈەن پايدا بېرىپ قايتا سېتىۋالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەكىت قويى ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدا «داڭلىق قويلار سودىسىدىكى بىر ‹كەم بولا›نىڭ پۇلىغا ئادەتتىكى قويدىن ئونىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ خىلدىكى پايدا بېرىپ سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى شۇ قويدىن يەنە پايدا ئېلىشنى كۆزلەيدىغان قوي ئېلىپساتقۇچىلار بولسىمۇ، كۆپ قىسمى شۇ قويدىن زوق - ھۇزۇر ئېلىشنى كۆزلەيدىغان قويخۇمارلاردىن ئىبارەت.

بۇلاردىن باشقا ساتقان قويىنىڭ باشپېغىنى بەرمەسلىك — مەكىت قوي سودىسىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك بولۇپ، قوي ئالغۇچىنىڭ ئارغامچا سېتىۋېلىشى ئۈچۈن بىر نەچچە يۈەن بەرسە بېرىدۇكى، ساتقان قويىنىڭ باشپېغىنى ھەرگىز بەرمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت گەرچە شۇ قويىنى سېتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قوي ئىگىسىنىڭ قوي بېقىشتىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى، بەلكى باققان قويلىرىنىڭ ئىزىنى ئۈزۈرمەي، تېخىمۇ تىرىشىش ئۈستىكى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مەكىتتە ھېچنېمىسى يوق نامرات ھېسابلىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭمۇ ئادەتتە بىرەر پاقلىنى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قوي بېقىشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان. يېزا - قىشلاقلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئوت - چۆپ ۋە ئېغىل - قوتان تەييارلاشتا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغان شەھەر ئائىلىلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولۇپ، ھەتتا تۇل خوتۇن، بويتاق بوۋايلار ئارىسىدىمۇ بىرەر پاقلان بېقىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدىغانلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇلاردىن «نېمە ئۈچۈن قوي باقتىڭىز؟» دەپ سورالسا، ئۇلارنىڭ بېرىدىغان جاۋابى «ئادەمگە ھەمراھ بولىدىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قوي بازىرىنىڭ تەبىئىي ھالدا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەنلىكى بولۇپ، ئادەتتىكى قويلار بازىرىنىڭ ئۈستى ئوچۇق قىسمىدا قىشتا قارغا، يازدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ مۆڭگلۈق مەردشىپ تۇرۇشسا، مەكىت قويلىرى، ئىگىلىرى ئۈستىنى يېپىپ ئالاھىدە تەييارلىغان لەمپىلىك قوتانلاردا بەخىرامان كۆشەپ يېتىشىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ قوي مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ ئۆزگىچە بولغان خاسلىق — ئۇلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىزچىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، مەكىت قويىدىن ئىبارەت ھەم ئىقتىسادىي قىممەتكە، ھەم ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە بۇ ئەلا نەسلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى مەكىتتە ئەرمەك ھايۋان قاتارىغا كۆتۈرگەنلىكىدە دېيىش مۇمكىن.

ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭچە مەكىت خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىدىن، شۇنداقلا ئاشۇ ئەنئەنە ئاساسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويخۇمارلىق پسىخىكىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ پېنسيونېرى)

MIRAS



# مەكىت قوغۇنى ۋە توغراقلىقتىكى گۆھەرلەر

تاش توختى

## مەكىت قوغۇنى

مەكىت ناھىيەسى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە، قوغۇن-تاۋۇز بىر قەدەر كۆپ تېرىلىدىغان ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەكىت قوغۇن-تاۋۇزلىرى، ياز پەسلىدىكى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، تۇپرىقى تەركىبىدىكى شور تۇز مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى، ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشى قاتارلىق ئىقلىم شارائىتى ئاستىدا، تەمىنىڭ ئۆزگىچە تاتلىقلىقى، رەڭگىنىڭ كۆركەملىكى، ئېتىنىڭ يۇمشاق ۋە قېلىن بولۇشى، ساقلاش ۋاقتىنىڭ ئۇزاق، تۆت پەسىلنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا بازاردا ئۆكسۈپ قالمايدىغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خېلى زور تەسىرگە ئىگە. مەكىت قوغۇن-تاۋۇز سورتلىرىنىڭ تۈرلىرى، قوغۇن-تاۋۇز تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقى، تېرىش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، يىغىپ ساقلاش ۋە ئىستېمال قىلىش جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۇسۇل-چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. قوغۇن-تاۋۇزنىڭ تۈرلىرى.** مەكىت قوغۇنىنىڭ سورتلىرى پىشىش ۋاقتى، رەڭگى، تەم سۈپەت قاتارلىقلار بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلغان بولۇپ چوڭ جەھەتتىن چىلگە قوغۇن، يازلىق قوغۇن ۋە قىشلىق قوغۇن دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) چىلگە قوغۇن (بالدۇر پىشار قوغۇن): بۇنىڭغا چىلگە، تەرى، پوستى پىياز قاتارلىق قوغۇن سورتلىرى كىرىدۇ. ئادەتتە يەرگە ئۇرۇق سېلىنىپ 60-70 كۈن ئەتراپىدا پىشىدۇ.

2) يازلىق قوغۇن (ئارا جاغدا قوغۇن): بۇنىڭغا ئاق كۆكچى، يازلىق كۆكچى، ناشپېكەر ، يازلىق كۆك بەرى، مامۇت قازى، بىشەكشىرىن، مەكىت يازلىق قوغۇنى قاتارلىق سورتلار كىرىدۇ. ئادەتتە پىشىش ۋاقتى 85-90 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ.

3) قىشلىق قوغۇن (جاغدا قوغۇن): بۇنىڭغا ھۇرەيلى،

كۆك شاپاق ھۆرەيلى، سېرىق شاپاق ھۆرەيلى، قارا كۆسەي، بوز كۆكچى، قىشلىق كۆك بەرى مەكىت قىشلىق قوغۇنى قاتارلىق سورتلار كىرىدۇ، ئادەتتە پىشىش ۋاقتى 125-130 كۈن بولىدۇ.

4) تاۋۇز سورتلىرىدىن: قارامتۇل كۆك شاپاق تاۋۇز، يەرلىك تاۋۇز (ئېتى سېرىق، ئۇرۇقى قارا)، چار تاۋۇز، سېرىق شاپاق تاۋۇز قاتارلىقلار بار.

**2. تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق.**

1) ئۇرۇق تاللاش ۋە ئۇرۇق ساقلاش: مەكىت خەلقى قوغۇن-تاۋۇز ئۇرۇقلىرىنى تاللاشتا، ئىشەنچلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئاساسەن ئۆزلىرى ساقلاپ تەييارلىغان ئۇرۇقلىرىنى تاللاپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئادەتتە ياز ۋاقىتلىرىدا يېگەن تەمى تاتلىق، تولۇق پىشقان قوغۇن-تاۋۇز ئۇرۇقلىرىنى ئايرىپ بىر نەچچە كۈن يېيىپ قويۇپ، قۇرىغاندا ئەكىرىپ قۇرغاق سالقىن جايلاردا ساقلاپ قويۇش ئارقىلىق كېلەر يىلى تېرىيدىغان ئۇرۇقلىرىنى تەييارلاپ قويۇشىدۇ. ئەگەر ئۆزىدە ئۇرۇق يېتەرلىك بولمىسا ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلەردىن سوراش ياكى سېتىۋېلىش ئارقىلىق تاللايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقلىرى چاڭلىنىش جەريانىدا شالغۇتلىشىپ كەتسە، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا كېيىنكى مەزگىلدە تېرىيدىغانغا ئۇرۇق چىقمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. تەجرىبىلىك دېھقانلار ئادەتتە قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، پۇرىقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ پىششىق ياكى ئەمەسلىكى، سورتىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىلىۋالالايدۇ.

2) يەر تاللاش، تۈزلەش ۋە چۆنەك ئېلىش: قوغۇن-تاۋۇز تېرىش ئۈچۈن ھەرقانداق يەر ماس كېلىۋەرمەيدۇ، ئەگەر مۇۋاپىق يەر تاللانمىسا ئۇرۇق ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ تەمى ۋە رەڭگى قاتارلىقلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. شۇڭا قوغۇن-تاۋۇز تېرىش ئۈچۈن (بولۇپمۇ قوغۇن تېرىش ئۈچۈن) چوقۇم قارا چىلان، ئەت تۇپراق ياكى قۇمساڭغۇ تۇپراق بولۇشى كېرەك، زەي قۇمساڭغۇ، سېغىزلىق يەرلەر قوغۇن-تاۋۇز تېرىشقا باب كەلمەيدۇ. يەنە قىشلىق ئوسسى ياخشى قىلىنغان (بۇ يەرلىك تىلدا ئوسسى كېلىشكەن دەپ ئاتىلىدۇ) يەر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەر تاللانغاندىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا يەرلىك ئوغۇت (قىغ) تەكشى چېچىلىپ، ئاغدۇرۇلۇپ تۈزلەپ چالمىلىرى چوقۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر چۆنەك ئېلىپ تېرىش پىلانلانغان بولسا تاختا ئارىلىق مۇۋاپىق قويۇلۇپ چۆنەك ئېلىپ تەييارلىنىدۇ. مەكىت دېھقانلىرى قوغۇن تېرىشتا يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئاۋۋال چۆنەك ئېلىۋېلىپ ئاندىن تېرىش، ياكى ئاۋۋال تېرىپ بولۇپ، قوغۇن-تاۋۇزلار ئۈنۈپ ئۈچقۇلاق بولغان مەزگىلدە ئاندىن چۆنەك ئېلىپ، سۇ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن يەر شارائىتىنىڭ ئەھۋالىغا قارىلىدۇ.

**3. تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش.** مەكىت دېھقانلىرى قوغۇن تاۋۇز تېرىش، پەرۋىش قىلىشتا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزگىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ.

1) تېرىش ۋە مايسا قالدۇرۇش: قوغۇن-تاۋۇز تېرىلىدىغان يەرلەر تاللىنىپ، تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن دېھقانلار ئۆزلىرى ساقلاپ قويغان ۋە ياكى ئىشەنچلىك ئورۇنلاردىن يىغىۋالغان ئۇرۇقلارنى ئالاھىدە يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىپ، تۈپ ئارىلىقىنى مۇۋاپىق قويۇپ، قوزۇقتا تۆشۈك ئېچىپ، ئۇرۇق سېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تېرىپ چىقىدۇ. مايسا ئۈنۈپ ئۈچتىن-تۆتكىچە يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن ھەر بىر كاماردا بىردىن تېمەن مايسا قالدۇرۇپ تۇۋىگە توپا يۆلەپ تۇنجى پەرۋىشنى باشلايدۇ.

2) ئوغۇتلاش: چىلگە قوغۇنلار 30-35 كۈنلۈك بولغاندا، جاغدا قوغۇنلار 40-45 كۈنلۈك بولغاندا تۇۋىگە ئوغۇت بېرىلىپ سۇغىرىلىدۇ. ئوغۇتلاشتا مەكىت دېھقانلىرى قوي-كالا قىغى، بۇيا، كۆك تىكەن قاتارلىق يەرلىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىمىيەۋى ئوغۇت دېھقانچىلىقتا بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولسىمۇ قوغۇن-تاۋۇزنىڭ ساپلىقى، تەمى ۋە ساقلاش ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىلىپ قوغۇن-تاۋۇز ئوغۇتلاشقا ئىشلىتىلمەيدۇ.)

3) پېلەك رەتلەش ۋە ئۆرۈش: مەكىت دېھقانلىرى قوغۇن - تاۋۇز پەرۋىشىدە پېلەك رەتلەش ۋە قوغۇن - تاۋۇزنى ئۆرۈپ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق قىلىشنى قوغۇن - تاۋۇزنىڭ پىشىش ۋاقتى، تەمى،

رەڭگىنى مۇۋاپىق تەڭشەشتىكى ياخشى ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. قوغۇن- تاۋۇزلار ئۆسۈپ پىلەك سۇنۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ، تاكى سويما چۈشۈپ مەلۇم چوڭلۇققا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، قوغۇن - تاۋۇز پىلەكلىرى رەتلىنىپ تۇرىدۇ. (بۇ يەرلىك تىلدا پىلەكنى تاراش دەپ ئاتىلىدۇ) قوغۇن - تاۋۇزلار سويما سېلىپ مەلۇم چوڭلۇققا يەتكەندىن كېيىن ، دېھقانلار قوغۇن - تاۋۇز سويىملىرىنى ئۆرۈپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنىڭدا قوغۇن - تاۋۇز سويىملىرىنىڭ كۈن نۇرىدا ئاستى - ئۈستىنىڭ رەڭگى ۋە تەمىنىڭ ئوخشاش بولۇپ پىششىقى، مېۋە شەكلىنىڭ چىرايلىق، مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆرۈش جەريانىدا تومۇز مەزگىلىدىكى كۈچلۈك ئاپتاپنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلارنى كۆيدۈرۈپ زەخىملەندۈرۈش ( بۇ يەرلىك تىلدا ئاپتاپ چېقىپ كېتىش دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قومۇش بىلەن سويىملارنىڭ ئۈستىنى يېپىپ سايە چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتاپتىن مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ.

**4. يىغىش ۋە ساقلاش.** مەكىت دېھقانلىرى قوغۇن- تاۋۇزلارنى يىغىش ۋە ساقلاشتا، ئۆزگىچە ئۇسۇللارنى ئىختىرا قىلغان بولۇپ، ھازىرقىدەك زامانىۋى سوغۇق ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان شارائىتتىمۇ، كۈز پەسلىدىكى قوغۇن- تاۋۇز ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىتتىن تارتىپ، كېلەركى يىلى قوغۇن- تاۋۇزلار پىشىپ بازارغا كىرگىچە، قوغۇن- تاۋۇزنى يېڭى پېتى ساقلىيالىغان.

1) يىغىش. مەكىت دېھقانلىرى قوغۇن- تاۋۇزلار پىشىش مەزگىلىگە كىرگەندىن باشلاپلا، قوغۇن- تاۋۇزلارنى تۈرىگە ئايرىپ، قايسىلىرىنى كۈزلۈك بازاردا يىغىپ بالدۇر قولدىن چىقىرىۋېتىش، قايسىلىرىنى قىشلىق ساقلاشقا ئېلىپ قېلىشنى دىتلاپ قويىدۇ ۋە يىغىش ۋاقتىدا كۈزلۈك بازارغا سېلىنىدىغىنى ۋە ساقلىنىدىغىنىنى ئايرىم يىغىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. يىغىلغاندا پىلەك تۈۋىدىن سۇيى قېچىپ سېسىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىۋاستە ساپاقتىن ئۈزۈلمەي پىلىكى بەش- يەتتە سانتىمېتىر قويۇپ كېسىلىپ يىغىلىدۇ.

2) خامان قىلىش. قوغۇن- تاۋۇزلار يىغىۋېلىنىپ گەمىگە ئەكىرىشتىن ياكى قۇمغا كۆمۈلۈشتىن بۇرۇن، ئېتىزلىقتا خامان قىلىنىدۇ. شارائىتى يار بەرگەنلەر باغلارنىڭ كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشمەيدىغان دەرەخ سايىلىرىگە خامان قىلىدۇ. شارائىتى يوقلار ئېتىزلىقتا بىۋاستە خامان قىلىدۇ. ئېتىزلىقتا خامان قىلغانلار كۈن نۇرىنىڭ بىۋاستە چۈشۈپ، قوغۇن- تاۋۇزنى زەخىملەندۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوغۇن- تاۋۇزلارنىڭ ئۈستىگە پىلەكلىرىنى ياكى دەرەخ شاخلىرىنى يېپىپ، كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. بۇ مەزگىلدە قوغۇن- تاۋۇزلار ھەر ئىككى، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۆرۈلۈپ، قوغۇن- تاۋۇز شاپىقىنىڭ سۇيى قاچۇرۇلۇپ، قىشتىن ئۆتۈشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىدۇ، ئادەتتە ئەھۋالغا قاراپ 15 كۈندىن بىر ئايغىچە ئاپتاپقا سېلىنىدۇ.

3) قۇمغا كۆمۈپ ساقلاش: بۇ ئۇسۇلدا سۇ كۆرمىگەن، قۇرغاق، ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقى ۋە تېمپېراتۇرا ساقلاشچانلىقى ياخشى بولغان قۇملۇقلار تاللاپ چىقىپ قۇملۇق ئىككى غېرىچ ئەتراپىدا كولىنىدۇ، كولىنىپ بولغان يەر تەكشى تۈزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ساقلىنىپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان قوغۇنلار، ساپىقى تېگىگە قارىتىلىپ يېرىم قىيپاش ھالەتتە قاتار تىزىلغاندىن كېيىن، بەلگىلىك قېلىنلىقتا (ئادەتتە سەككىز- ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا) قۇم بىلەن كۆمۈلىدۇ. قوغۇن كۆمۈلگەن يەرنى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ دەسسەپ چەيلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چۆرىسىگە شاخ تاشلاپ قويۇلىدۇ، 2- ئايلارنىڭ ئاخىرىدا ئېچىپ بازارغا سېلىنىدۇ ۋە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

4) گەمىدە ساقلاش. گەمىدە ساقلىنىدىغان قوغۇن ئالدى بىلەن يېكەندە توقۇغان تورغا ئېلىنىپ، گەمە ئىچىگە تارتىلغان ئۇزۇن ياغاچقا بىر- بىرلەپ ئېسىلىدۇ ياكى گەمە ئىچىدىكى مەخسۇس ياسالغان پەشتاختىلارغا بورا سېلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تىك ھالەتتە قاتار تىزىلىدۇ، گەمىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تۇرۇش ئۈچۈن گەمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قاچا سۇ قويۇلىدۇ. قاچىدىكى سۇ مۇزلىغان بولسا گەمە ئىچىگە مۇۋاپىق ئوت قالاش ياكى چوغ ئەكىرىپ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق ئۆرلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**5. ئىستېمال قىلىش.**

ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابەت قاراشلىرى بويىچە قوغۇن- تاۋۇزنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق دەپ قارالغاچقا مەكىت خەلقى قوغۇن- تاۋۇزنى تاماقتىن كېيىنكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. شۇڭا قوغۇن- تاۋۇز ئەتىياز، كۈز، قىش پەسىللىرىدە كۆپىنچە تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ پولۇ، شورپا (قوي گۆشى شورپىسى ياكى باچكا شورپىسى) قاتارلىق ئىسسىقلىق

مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى تاماقلاردىن كېيىن يېرىم ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكۈزۈلۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. (سۇيۇقئاش، يوبدان، ماشچۆپ قاتارلىق سوغۇققا مايىل تاماقتىن كېيىن قوغۇن-تاۋۇز يېيىلمەيدۇ). ياز پەسلىدە هاۋانىڭ ئىسسىق مەزگىلىدە بىۋاستە ئىستېمال قىلىنىدۇ. كىشىلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ مىجەزى ۋە ئەمەلىي ئەهۋالىغا قاراپ، مىجەزىدىكى ئىسسىقلىق ئېشىپ كەتكەن، قوقاقداپ قالغان ۋاقىتلاردا پەسىل ئايرىماستىن قوغۇن-تاۋۇز ئىستېمال قىلىپ بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

قوغۇن-تاۋۇز ئىستېمالىدا قوغۇن قېقىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەنى كۈز پەسلىدىكى قوغۇن-تاۋۇز مولچىلىق مەزگىللىرىدە، قوغۇننى تىلىملاپ شاپىقىنى ئايرىۋېتىپ پاكىز رەخت ياكى داستىخان ئۈستىگە يېيىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قوغۇن قېقى قۇرۇتۇۋېلىنىدۇ. قىش ۋە ئەتىياز مەزگىلىدە ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەندە، قاقنى قوغۇن ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ، هەتتا ئىسسىقنى ياندۇرۇپ قوقاقنى بوشىتىدىغان، قەۋزىيەت قاتارلىق بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە قارىتا قوغۇن قېقى دورا ئورنىدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## توغراقلىقتىكى گۆھەرلەر

ئەگەر سىز مەكىت ناهىيە بازىرىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، شىمالغا قاراپ مېڭىپ بازار جەمئىي، يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرىنى، 43-، 45-تۇەن مەيدانىنىڭ يول بويىدىكى بىر قىسىم لىيەندۈيلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئېگىز-پەس قۇم-بارخانلىرىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، 90 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرسىڭىز ناهىيەمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىگىلەپ تۇرىدىغان 10 مىڭ 927 كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك جايلاشقان چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان، توغراق، تېرەك، يۇلغۇن قاتارلىقلار بىلەن قاپلانغان، نەغمىچى قۇشلار توختىماي نەغمە قىلىپ سايراپ تۇرىدىغان، ساپ هاۋالىق، كەڭ كەتكەن بوستانلىققا قەدەم قويىسىز، مانا بۇ مەكىت ناهىيە توغراق ئورمان مەيدانىغا قاراشلىق دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون مەكىت توغراقلىقىدىن ئىبارەت.

ئاساسلىقى توغراق بىلەن قاپلانغان بۇ يېشىل بوستانلىقنىڭ 35 كىلومېتىردىن ئارتۇق قىسمىنى يەكەن دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمى كېسىپ ئۆتىدۇ. يەنە بىر تەرىپى چەكسىز قۇملۇق، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەكىت توغراقلىقىدىن ئىبارەت يېشىل بوستانلىقنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 310 مىڭ مو، ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %85 كە يېتىدۇ. بۇ يېشىل بوستانلىقتا يەتتە ئورۇندا ئورمان قاراۋۇلخانىسى، بىر ئىشخانا، 20 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى بار.

ئەل ئارىسىدا بىز كىشىلەرنىڭ مەكىت توغراقلىقىدىن ئىبارەت بۇ يېشىل بوستانلىقنى «گۆھەرلەر ماكانى» دەپ ئاتىغان سۆزلىرىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئۇنداقتا مەكىت توغراقلىقىدىن ئىبارەت يېشىل بوستانلىقتا قانداق گۆھەرلەر بار، ئۇلار قايسى؟

مەكىت توغراقلىقىدىن ئىبارەت يېشىل بوستانلىقتىكى گۆھەرلەر تۆۋەندىكىچە:

**توغراق.** بوستانلىقتىكى توغراقلىق كۆلىمى 117 مىڭ مو، توغراق شورغا، قۇرغاقلىققا چىداملىق، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاهىدىلىكى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ئالاهىدە هۆرمەتكە سازاۋەر دەرەخ بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «توغراق كۆكىرىپ 1000 يىل، قۇرۇپ 1000 يىل، يىقىلىپ 1000 يىل ياشايدۇ» دېگەن سۆز كەڭ تارقالغان. خەلقىمىز ئارىسىدا ئاتا-ئانىسىغا، بالىچاقىلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ «توغراق يېشىدا ياشاڭ» دەيدىغان ئادەت بار. هەر يىلى بىر قېتىم توغراق سۈيى ئىچىدىغان ئادەتمۇ بار. مەكىت توغرقلىقىدا توغراقلىقنىڭ كېيىك تال، قاپاق تال، ئەدىرتال، ئاچچىق تال قاتارلىق تۈرلىرى بار بولۇپ، توغراق هەر ئەتىيازدا پوتلا تاشلايدۇ. توغراق شاخلاپ ئېگىز ئۆسىدىغان دەرەخ بولۇپ، نورمال شارائىتتا 15ـ 20 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسەلەيدۇ. توغراقنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچى چىڭ بولۇشتەك ئالاهىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆي-ماكان قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ياغاچ ماتېرىيالى هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياسىمچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلار ئۇنىڭ ياغىچىدىن كوگتەي، كاساڭ، تەڭنە، كات ساندۇقى قاتارلىقلارنى ياسايدۇ. توغراق چىۋىقىدىن تىۋەڭ، سېۋەت، زەمبىل قاتارلىقلارنى توقۇيدۇ. توغراقنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇهىتنى قوغداش،

سۇنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشىدىن ساقلاش، يەرنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، قۇم- بورانىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، كىشىلەرنى ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ غازىڭى قوي قاتارلىق چارۋا ماللارنىڭ مۇھىم ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ، ئىلگىرى كىشىلەر توغراق ئوتۇنىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كەلگەندى.

**تېرەك.** مەكىت توغراقلىقىدا ئەسلىدە تېرەك يوق بولۇپ، مەرھۇم ئۆمەر مۇھەممەد مەكىت توغراقئورمان مەيدانىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن ياش توغراق كۆچەتلىرىگە تېرەك كۆزى قويۇپ ئۇلاپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىكەنلىكتىن توغراققا ئۇلانغان تېرەك نوتىلىرى تېز ئايىنىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى قايىل قىلدۇ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر بۇنىڭدىن روھلىنىپ توغراققا تېرەك كۆزى قويۇپ، ئۇلاپ، توغراقلىقتا تېرەك بولماسلىق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، يىلمۇيىل توغراققا تېرەك كۆزى قويۇپ ئۇلاش ئارقىلىق تېرەكلىك كۆلىمىنى 20 مىڭ موغا يەتكۈزگەن.

تېرەك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش، كەلكۈن سۈيىنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشىدىن ساقلاش جەھەتلەردە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، مەكىت توغراقلىقتىكى توغراق، تېرەك ناھىيەمىزنىڭ زاپاس ياغاچ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

**يۇلغۇن.** يۇلغۇن يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال تۈرىدىكى ئۆسۈملۈك بولۇپ (يۇلغۇننى چاتىماي قويۇۋەتسە ئۇ بەش، يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسەلەيدۇ. چاتىمىغاندا ئۇنىڭ يان شاخلىرى كۆپىيىپ ئېگىز ئۆسەلمەيدۇ). ئېگىز ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، يۇلغۇن سوغۇققا، يۇقىرى ئىسسىققا، قۇرغاقچىلىققا، قۇم- بورانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چۆللۈك دەرىخى ھېسابلىنىدۇ. ياغاچچى ئۇستاملار ئۇنىڭ توم، چىڭ شاخلىرىدىن ئارا قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسايدۇ، ئۇنىڭ چىۋىقىدىن زەمبىل، سېۋەت، تىۋەك قاتارلىقلارنى توقۇيدۇ. يۇلغۇننىڭ زىچ شاخلىق يۇلغۇن، تەكلىماكان يۇلغۇنى قاتارلىق خىللىرى بار. يۇلغۇن ئوتۇننىڭ ئوتى كۈچلۈك، كاۋاپ قاتارلىق تائاملار يۇلغۇن ئوتىدا پىشۇرۇلسا تەمى تاتلىق، يېيىشلىك بولىدۇ. ئىلگىرى كىشىلەر خالىغانچە مەكىت توغراقلىقىغا بېرىپ يۇلغۇن شاخلىرىنى كېسىپ كېلەتتى. ھازىر باشقۇرۇش يىلدىن- يىلغا كۈچەيگەنسېرى مەكىت توغراقلىقىنىڭ يۇلغۇن بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئېشىپ بارماقتا. يۇلغۇن يىلدا بىر قانچە قېتىم چېچەكلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ چېچىكى «داۋا» دېيىلىدۇ. «داۋا» ئىلگىرى بوياقچىلىق كەسپىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى



ھېسابلىنىدۇ.

**توشقانزەدىكى.** توشقانزەدىكى كۆپ يىللىق سامان
غوللۇق، شۇمبۇيا ئائىلىسىگە مەنسۇپ، يۇلغۇن ۋە بۆرە
تىكىنىنىڭ يىلتىزىدىن ئۇزۇق ئېلىپ ئۆسىدىغان پارازىت
ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەكىت توغراقلىقىدا ئۆسىدىغان توش-
قانزەدىكىنىڭ قۇملۇق يەر توشقانزەدىكى، شورلۇق يەر
توشقانزەدىكى قاتارلىق تۈرلىرى بار. قۇملۇق يەر توش-
قانزەدىكى يەر ئاستى، يەر ئۈستى ئىككى قىسمىدىن
تەركىب تاپىدۇ. توشقانزەدىكىنىڭ يەر ئاستى غولى ئەتلىك
كېلىدۇ. ئادەتتە غولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40ـ 50 سانتىمېتىرغا،
غولىنىڭ ئايلانمىسى 10ـ 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. يەر
ئۈستى غولى قاسىراقلىق بولۇپ، قاسىراقنىڭ رەڭگى قارام-
تۇلغا مايىل رەڭدە بولىدۇ. توشقانزەدىكى ھەر يىلى 3 -
ئاينىڭ ئاخىرى، 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا يۇلغۇنلۇقلاردا
ئۈچى كۆرۈنگەندىن كېيىن يىغىۋېلىنىپ، سايە جايلاردا قۇ-
رۇتۇلۇپ بازارغا سېلىنىدۇ. ئىلگىرى بىر قىسىم كىشىلەر
مەكىت توغراقلىقىغا كېلىپ خالىغانچە توشقانزەدىكى
كولاپ ساتاتتى. ھازىر باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قالايمى-
قان كولاش چەكلەندى. توشقانزەدىكىنىڭ دورىلىق قىممى-
تى يۇقىرى بولۇپ، دىۋەڭلىك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش،
قېرىشقا قارشى تۇرۇش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
خەلق ئارىسىدا توشقانزەدىكىنى «قۇملۇق ئادەمگىياھى»،
«يۇلغۇن گۆھىرى» دەپ ئاتىشىدۇ.

**چۇچۇكبۇيا.** چۇچۇكبۇيا ئاساسلىقى قۇملۇق چۆللۈك
رايونلاردا ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سەمەن غوللۇق ئۆ-
سۈملۈك بولۇپ، مەكىت توغراقلىقىدا مېۋىلىك چۇچۇكبۇيا
ۋە يىرىك يوپۇرماقلىق چۇچۇكبۇيا قاتارلىق تۈرلىرى بار.
چۇچۇكبۇيا شاخلاپ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ـ
80 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. چۇچۇكبۇيانىڭ يىلتىزى توم،
يوغان بولۇپ، سىرتقى پوستى قىزغۇچ قارامتۇل كېلىدۇ.
چۇچۇكبۇيا گۈلىنىڭ رەڭگى سۇس بىنەپشە رەڭلىك ياكى
قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك كېلىدۇ. چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن
توپلىنىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ، يىلتىزسىمان غولىنىڭ ئاي-
لانمىسى تۆت - سەككىز سانتىمېتىر كېلىدۇ. چۇچۇكبۇيى-
نىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، دورىغا يىلتىزىنى
ئىشلىتىدۇ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ئەتىيازدا ۋە كۈزدە يىغى-
ۋېلىنىدۇ. چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنىڭ يۆتەلنى توختىتىش، ئۆپ-
كىنى نەملەشتۈرۈش، زەھەرنى تارقىتىش، كاناي ياللۇغى

قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئالاھىدە مەنپەئەت قىلىدۇ.

**موگۇ.** موگۇ مەكىت توغراقلىقىنىڭ ئورمان بىلەن قاپ-
لىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان جايلاردا ھەر يىلى ئەتىياز
ۋە كۈزدە ئۆسۈپ چىقىدۇ. توغراقلىقتا موگۇنىڭ ياپىلاق
موگۇ، توم موگۇ قاتارلىق تۈرلىرى بار. موگۇ نەم يەر
تاللىمايدىغان بولغاچقا نەم يەرلەردىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ. كۈز
ۋاقتى بۇغداي ئېتىزلىقلىرىدىمۇ ئۆسۈپ چىقىۋېرىدۇ.
ھويلا - ئارانلاردىكى گۈللەر ئارىسىدىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ.
موگۇنىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كۆزنى رو-
شەنلەشتۈرۈش رولى بار، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل يۇق-
رى بولغاچقا تەبىئىي ئاقسىل ئورنىدا ئىستېمال قىلىنماقتا.
ئۇنىڭ بازار باھاسى قوي، كالا گۆشىنىڭ باھاسىدىن
نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، قۇرۇتۇلغان بىر كىلوگىرام
موگۇنىڭ باھاسى 700ـ 800 يۈەن بولۇۋاتىدۇ.

**توقا چىگە (لوپنۇر كەندىرى).** توقا چىگە مەكىت
توغراقلىقىنىڭ نەمخۇش قۇملۇق جايلىرىدا ئۆسىدىغان
قۇملۇق ئۆسۈملۈكى بولۇپ شاخلاپ ئۆسىدۇ. ئېگىزلى-
كى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر يىلى 6 - ئايدا
ۋە 10 - ئايدا چېچەكلەيدۇ. چېچىكىنىڭ رەڭگى سۇس
شاپتۇل چېچىكى رەڭدە بولىدۇ. توقا چىگىنىڭ تالاسى
توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ناھىيەمىزدە كىشىلەر ئىلگىرى ئۆي سال-
غاندا توقا چىگىنىڭ زەي، شور قاچۇرۇش رولى بول-
غانلىقى ئۈچۈن سالغان ئۆينىڭ تېمىنىڭ تېگىگە زەي
قاچۇرۇش ئۈچۈن توقا چىگە ياساتتى. توقا چىگىنىڭ
چېچىكى قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە بولغان-
لىقى ئۈچۈن بىر قىسىم يۇقىرى قان بېسىمى بىمارلىرى
توقا چىگىنىڭ چېچىكىنى قۇرۇتۇپ، چاي ئورنىدا دەملەپ
ئىستېمال قىلىپ كەلمەكتە.

**قومۇش.** قومۇش چۆللۈك، قۇملۇق رايونلىرىدىمۇ
ئۆسۈۋېرىدىغان، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق،
چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەكىت توغ-
راقلىقىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ بورا قو-
مۇشى، قىل قومۇشى قاتارلىق تۈرلىرى بار. قومۇش
تىك، ئېگىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى
ئىككى- ئۈچ مېتىرغا يېتىدۇ. يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەيدۇ.
قومۇشنىڭ قۇلىقى چارۋا ماللارنىڭ ئوبدان ئوزۇقى ھې-
سابلىنىدۇ، بورا قومۇشىدىن بورا توقۇلىدۇ، مەكىت

توغراقلىقدىكى بورا قومۇشنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ،
كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شۆۋول دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان
بورا قومۇشىدىن قېلىشمايدۇ. ناھىيەمىزدە ئىلگىرى بورا
توقۇپ ساتقۇچىلار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي مەكىت توغ-
راقلىقىدىن بورا قومۇش ئوراپ كېلىپ، بورا توقۇپ ساتاتت-
تى. بۇ خىل بورىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا كىشىلەر تا-
لىشىپ سېتىۋالاتتى. قومۇش — قەغەزچىلىك سانائىتىنىڭ
مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قومۇشنىڭ يەنە
دورىلىق قىممىتى بار بولۇپ، دورىغا ئۇنىڭ يىلتىزىسىمان
غولى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى سوغۇق، لېكىن زەھەر-
سىز. ئۇنىڭ قىزىتمىنى ياندۇرۇش، قۇسۇقنى توختىتىش،
سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش رولى بار.

**كۆرۈك (سۆكسۆك).** كۆرۈك ئۇزاق يىللىق چۆل-
باياۋان ئۆسۈملۈكى بولۇپ، زەي-شورغا، قۇرغاقچىلىققا
چىداملىق، ئۇ غۇژمەك-غۇژمەك بولۇپ ئۆسىدۇ. ئېگىزلى-
كى 40 ـ 50 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ھەر يىلى يوپۇرماق تاش-
لايدۇ. كۆرۈك ئوتۇنىنىڭ كۆمۈرى تاۋلىق بولغاچقا ئىل-
گىرى زەرگەرلەر ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق بۇيۇملارنى
تاۋلاش، ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى يا-
ساشتا كۆرۈك ئوتۇنىنىڭ كۆمۈرىنى ئىشلىتەتتى. دۆلىتى-
مىزدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قانۇنى يولغا قو-
يۇلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ كۆرۈكنى خالىغانچە كۆيدۈ-
رۈپ كۆمۈر ئېلىشى چەكلەندى.

**ئازغان.** ئازغان شاخلاپ ئۆسىدىغان چاتقال تۈرىدى-
كى ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەكىت توغراقلىقىنىڭ دەريا بويىغا
يېقىن سۇلۇق، نەملىك جايلىرىدا ئۆسىدۇ. ئوتتۇرىچە ئې-
گىزلىكى 2 ـ 2.5 مېتىرغا يېتىدۇ. ئازغان يىلدا بىر قېتىم
چەكچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. ئازغان مېۋىسىنىڭ رەڭگى
توق قىزىل، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى گۈرۈچتىن سەل
چوڭراق كېلىدۇ. تەمى سەل چۈچۈمەل. ھەر يىلى 8 ـ، 9 ـ
ئايلاردا مېۋىسى يىغىۋېلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇلغان مې-
ۋىسىنىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىسسىقنى قايت-
تۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، قاننى سوۋۇتۇش، ئاغرىقنى
توختىتىش رولى بار.

مەكىت توغراقلىقىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا قوڭغۇراق
تىكەن، قوغۇن بويىسى، چوڭ خۇخا، يىكەن، كۆك
يانتاق، ئوغرى تىكەن، ئاق تىكەن، تۆگىتاپىنى قاتارلىق
قۇملۇق، چۆللۈك ئۆسۈملۈكلىرى بار. بۇلار ئېكولوگىيە-
لىك مۇھىتنى قوغداش، زېمىنى يېشىللاشتۇرۇش، ھاۋانى
ساپلاشتۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

مەكىت توغراقلىقى قۇشلارنىڭمۇ مەڭگۈلۈك ماكانى
ۋە جەننىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر تۆمۈرتۇمشۇق،
ھۈۋقۇش، كاككۇك، قارلىغۇچ، قارىقۇشقاچ، چوغۇندەك،
قاغا، سار قاتارلىق قۇشلارنىڭ ھەم شۇنداقلا ئۆردەك،
قاشقالداق، غاز قاتارلىق سۇ قۇشلىرىنىڭمۇ ماكانى ھېساب-
لىنىدۇ. بۇ يەرگە ماكانلاشقان قۇشلارنىڭ ياڭزىمۇ ياڭزا
چورۇقلاپ سايراشلىرى كىشىگە بىر خىل زوق ئاتا قىلى-
دۇ، ئەگەر سىز مەكىت توغراقلىقىدا بىر نەچچە كۈن
تۇرۇپ قالسىڭىز بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، قۇشلارنىڭ يې-
قىملىق سايراشلىرىدىن روھىڭىز كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى-
كۆكسىڭىز يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز.

(مەكىت ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى پېنسىيونېرى)

2017.5

# بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2016 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# نورۇز ۋە سارغايدى مەشرىپى

ت. ئى. تايماس

ھەممىگە ئايانكى، خەلقىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نۇر چېچىپ تۇرغان ئاشۇ بىباھا گۆھەرلەر ئىچىدە، ئەسىرلەرنى- ئەسىرلەرگە، ئەجدادلارنى- ئەۋلادلارغا ئۇلاپ كەلگەن نورۇز بىلەن مەشرەپ پەقەت تارىخنىڭ ئۇزاقلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى رېئاللىقتىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغانلىقى، جۈملىدىن ئاممىۋىلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئۆز ئەۋزەللىكىنى ھېلىھەم نامايان قىلىپ كەلمەكتە. مەن ئاشۇلارغا يانداشقان ھالدا، تۆۋەندە پەقەت نورۇز بايرىمىدىلا ئوينىلىپ كەلگەن «سارغايدى مەشرىپى» ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتمەكچىمەن.

«سارغايدى مەشرىپى» يۇرۇشلەشكەن ئۇسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاھاڭ مېلودىيەسىنىڭ تەبىئىيلىكىدە يېقىنلىقى، مەزمۇنىنىڭ مول، شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن «دولان مەشرىپى»نىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ،، سەنئەتخۇمار مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا كىرىپ كەلگەن ئۇزاق جەريانلار داۋامىدا، تەدرىجىي ھالدا نورۇز بايرىمى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دولان مەشرىپىنىڭ باشقا تۈرلىرى باشقا پائالىيەت، باشقا سورۇنلاردا ئورۇنلانسا، «سارغايدى مەشرىپى» مەخسۇس نورۇز بايرىمىدا ئورۇنلىنىدىغان كاتتا مەشرەپكە ئايلانغان.

بۇ مەشرەپتە ئەل ئىچىدىكى بارلىق پائالىيەتلەر، جۈملىدىن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، سارغايدى ئويۇنى، بۇقا- قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ۋايىزلىق قاتارلىق خىلمۇخىل ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەر مەشرەپنىڭ مەزمۇنى قىلىنىپ كەلگەن. دولان ئەلنەغمىچىلىرى ئىچىدىكى ھازىرمۇ ھايات بولغان پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا «سارغايدى مەشرىپى» ئۆتكۈزۈلسە، خۇددى ھازىرقى كۈندە كاتتا تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلگەندە، ھەرقايسى كوماندىلار ئايرىم- ئايرىم ھالدا سەپ تۈزۈپ ھەيۋەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلگەنگە ئوخشاش، «سارغايدى مەشرىپى» ئۆتكۈزۈلىدىغان يۇرتقا ئەتراپتىكى قوشنا يۇرتلاردىن كېلىدىغانلارمۇ، يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئېپسىل ئارغىماقلارغا مىنگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نەغمىچىلەر «جۇلا مۇقامى»غا تۇۋلاپ، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل بىلەن، بەيگىچىلەر ۋە ئوغلاقچىلار ئاتلىرى بىلەن، ھايۋانات سوقۇشتۇرغۇچىلار بۇقا- قوچقار،

خورازلىرى بىلەن، ۋايىز- مەدداھلار ساپايىلىرى بىلەن
داغدۇغىلىق يېتىپ كېلىدىكەن، دولان مەشرەپلىرى تارىخ-
تىن بۇيان بىر ئائىلە، بىر جەمەت ياكى بىر يۇرتنى
بىرلىك قىلغان ئاساستا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. مۇنداق
مەشرەپلەر تەدرىجىي قېلىپلىشىپ قالغان شەكىللەر بويىچە
مۇقام توۋلاپ نەغمە قىلىش، تۆت ئۆزگىرىشلىك يورۇش-
لەشكەن ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى تاماملاش، دەررە (پوتا)
ئويناش، بىر- بىرىگە چاي تۇتۇپ، بېيت- قوشاق ئېيتى-
شىش، قىزنىقچىدىن بىرنى قەستەن (گۇناھكار) قىلىپ
جازالاپ، مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش... قا-
تارلىق تەرتىپلەر بويىچە داۋاملاشقان. ئەمما نورۇز بايرى-
مىغا بىرلەشتۈرۈپ يىلدا بىرلا قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان
«سارغايدى مەشرىپى» مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جە-
ھەتتىن بولسۇن، باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك باشقا
مەشرەپلەردە بولمىغان كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزدە-
گە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنى
«خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال يەرمەنكىسى» دېيىش
مۇمكىن.

«سارغايدى مەشرىپى»نىڭ يەنە بىر ئەڭ روشەن ئا-
لاھىدىلىكى — ئۇنىڭ رىقابەت خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلۈ-
كىدە بولۇپ، يۇرت- يۇرتلاردىن كەلگەن نەغمىچىلەر ئا-
ۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ جاراڭلىقلىقى
بىلەن بەسلەشسە، ئۇسسۇلچىلار يۇقىرى ئۇسسۇل ماھارى-
تى بىلەن بەسلىشىدۇ. بەيگىچىلەر ۋە ئوغلاقچىلار ئاتلىرى-
نىڭ يۈگۈرۈكلۈكىنى كۆز- كۆز قىلىشسا، ھايۋانات سو-
قۇشتۇرغۇچىلار بۇقا- قوچقار ۋە خورازلىرىنىڭ نوچىلىقى
بىلەن ماختىنىدۇ. مەشرەپتىكى بارلىق پائالىيەتلەر ئارىسى-
دا رىقابەت ئەڭ كەسكىن بولىدىغىنى يەنىلا «سارغايدى»
ئويۇنى بولۇپ، ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئاشىدىغان
«سارغايدى» مومىسىغا چىقىپ ئۇچقاندا، بىر يۇرتنىڭ ما-
ھىرى ئاق كىيىم كىيسە، يەنە بىر يۇرتنىڭ ماھىرى كۆك
كىيىم كىيىدۇ. نەچچە ئون مىنۇت، ھەتتا نەچچە سائەت
داۋاملىشىدىغان ئاشۇ ئۇچۇش جەريانىدا، قايسى يۇرت ما-
ھىرىنىڭ بېشى قېيىپ سارغايدىدىن چۈشۈشنى بالدۇر
تەلەپ قىلسا، شۇ يۇرت ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇتقان
ماھىرلار يەنە باشقا يۇرتنىڭ ماھىرى بىلەن تاكى رىقابەت-
چىسى قالمىغىچە مۇسابىقىلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۇتۇپ
چىققان ماھىر قايسى يۇرتتىن بولسا، كېلەر قېتىمقى «سار-
غايدى مەشرىپى»نى ئۆتكۈزۈش شەرىپى شۇ يۇرتقا
مەنسۇپ بولىدۇ، «سارغايدى مەشرىپى» دېگەن ئىسىممۇ
ئەنە شۇ ئادەتتىن كېلىپ چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھەر قېتىملىق
«سارغايدى مەشرىپى»دە كېلەر قېتىملىق مەشرەپ ئۆت-
كۈزۈش نۆۋىتىنى تالىشىش رىقابىتىمۇ كەسكىن بولىدىغان
بولغاچقا، بىر يۇرتقا ۋاكالىتەن «سارغايدى»غا چىقىپ
ئۇچۇپ بارلىق رىقابەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، نۆۋەتنى
ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ بېرەلىگەن ماھىرلارنى نەق مەيداندىلا
بەلباغ، ئوغلاق، قوي، ھەتتا ئات قاتارلىق ماددىي نەر-
سىلەر بىلەن مۇكاپاتلاشمۇ بىر ئادەتكە ئايلانغان. ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ دېيىشىچە، 1952- يىلى
مەكىت ناھىيەسىنىڭ ھازىرقى يانتاق يېزىسى تەۋەسىدە
ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «سارغايدى مەشرىپى»دە
قاسىم ئىسىملىك بىر يىگىت ھەممە رىقابەتچىلىرىنى ئۇتۇپ
چىققاندا، شۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى نەق مەيداندا بار بولغان
بىر قىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ رازىلىقىنى ئال-
غاندىن كېيىن تويلۇقنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ، نەق مەي-
داندىلا ئۇلارنىڭ تويىنى بېكىتىپ قويغان.

«سارغايدى مەشرىپى»دە رىقابەت كەسكىن بولىدى-
غان ئىككىنچى بىر تۈر — مەشرەپتىكى تۆت ئۆزگىرىش-
لىك دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئاخىرىدىكى «سېرىلما» قىسمى
بولۇپ، پۇت- قول ھەرىكىتىنى ئۇدارغا ماسلاشتۇرۇپ بىر
ئىزىدا تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتماي، توختىماي تېز چۆرگىلەش-
تە، قايسى ماھىر رىقابەتچىلىرىنى شاللىۋېتىپ ئەڭ ئاخىرغى-
چە بەرداشلىق بېرەلىسە، شۇ ئۇتقان ھېسابلىنىپ مۇكا-
پاتلانغان. يانتاقتىكى داڭلىق دولان ئۇسسۇلچىلىرىدىن
مەرھۇم ئىمىن ھاجى بىلەن ماموت شەيخلەر ھاياتلىقىدا بۇ
تۈردە ئەڭ كۆپ مۇكاپات ئالغان ماھىرلار بولۇپ، ئۇلار
قاتناشقانلىكى «سارغايدى مەشرىپى»دە بۇ تۈرنىڭ مۇكا-
پاتى باشقىلارغا ئاساسەن ئاشمىغان.

«سارغايدى مەشرىپى»نىڭ كۆنتەرتىپىمۇ نورۇز بايرىمى-
نىڭ باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلىرى بىلەن تەبىئىي ھالدا جىپسى-
لىشىپ كەتكەن بولۇپ، يۇرت- يۇرتلاردىن «جۇلا» مۇقا-
مىغا توۋلاپ كەلگەن نەغمىچىلەرنىڭ بىر- بىرلەپ قوشۇلۇشى
بىلەن، باشقا ھېچقانداق مەشرەپ تۈرىدە كۆرۈلمەيدىغان

ئـاجايىپ هـەيۋەتلىك نـەغمىچىلەر قـوشۇنى شـەكىللىنىپ،
نەچچە يۈزلىگەن داپ، قالۇن، دولان راۋابى، غېجەك ۋە
نەچچە يۈز خىللانغان نەغمىچىنىڭ بەسلىشىپ قىلغان نـەغ-
مىسى يۇرت ئاسمىنىنى لەرزىگە كـەلتۈرگەن. بـاشقا مـەش-
رەپلـەردە تـۆت ئـۆزگىرىشلىك دولان ئـۇسسۇلى ئـون
مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشسا، «سـارغايدى مـەشرىپى» دە
ئۇسسۇلچى ماهىرلارنىڭ ئۆزئارا بـەسلىششى بىلەن، بىر
مـەيدان مـەشرەپ 30ــ 40 مـىنۇت، بـەزىدە هـەتتـا بـىر-
ئىككى سائەتكە يەتكەن. شۇڭا مەشرەپ ۋاقتىنىڭ زىيـادە
ئۇزىراپ كېتىپ، نـورۇزنىڭ بـاشقا پـائالىيەتلىرىگە ۋاقىت
يېتىشمەسلىكىنىڭ ئـالدىنى ئـېلىش ئـۈچۈن، «سـارغـايدى
مـەشرىپى»دە بـاشقا مـەشرەپلەرنىڭ كـۈنتەرتىپىدە كـەم
بولسا بولمايدىغان دەررە ئويناش، چـاي تـۇتۇپ بـېيت-
قوشاق ئېيتىشىش ۋە قىزىقچىدىن بىرسىنى جازالاش قاتار-
لىق مەشرەپ ئويۇنلىرى توختىتىپ تۇرۇلغان.

ئۇدا بىر نەچچە مەيدان مەشرەپ ئوينالغاندىن كېيىن،
كۈنتەرتىپ بويىچە ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېـ-
لىشىش، بۇقا- قوچقار ۋە خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئـىت تـا-
لاشتۇرۇش قاتارلىق پـائالىيەتلەر داۋامـلاشتۇرۇلۇپ، هـەر
بىر تۈردە ئۇتۇپ چىققانلارغا ئايرىم ئىنئاملار بـېرىلگەن.
ئەڭ ئاخىرىدا «سارغايدى ئويۇنى» باشلىنىپ، باشتا تىلغا
ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ تۈردە ئۇتۇپ چىققان ئەڭ ئـا-
خىرقى ماهىرنىڭ يۇرت تەۋەلىكىگە ئـاساسەن، كېلەر قېـ-
تىملىق «سارغايدى مـەشرىپى»نى ئـۆتكۈزۈش شـەرىپىگە
ئېرىشكەن يۇرت ئايرىپ چىقىلىپ ئېلان قىلىنغان.

«ئابى ئېشى» (نۆۋەتتىكى ئومۇملاشقان ئـاتالغۇسى
«نورۇز ئېشى» بولۇپ دەسلەپكى مـەزگىللەردە «ئـابى
ئېشى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە تېما ئـېتىبارى بـىلەن
ئابى ئېشى دەپ ئېلىندى) ئىچىش، «سـارغايدى مـەش-
رىپى»نى بـاشقا ئـادەتتىكى مـەشرەپلەردىن پـەرقلەندۈ-
رۈپ تـۇرىدىغان يـەنە بـىر خـاسلىق بـولۇپ، گـەرچە
باشقا مەشرەپ تۈرلىرىدىمۇ ساهىبخان ئەمەلىي ئەهۋالغا
قاراپ داستىخان سالىدىغان ئـادەتلەر بـولسىمۇ، لـېكىن
نورۇز بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن «سارغايـ-
دى مەشرىپى»دە، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش شـەرىپىگە ئـېـ-
رىشكەن يۇرت، يۇرت - يۇرتلاردىن كېلىدىغان سانسىز
ئـىشتىراكچىلار سـىغقۇدەك كـاتتـا سـورۇن تـەييـارلاش
بـىلەن بـىللە، داش قـازانلارنى ئـېسىپ، كـالا - قـويلارنى
سويۇپ، تـاماق تـەييارلاپ مـەشرەپ ئـەهلىنى مـېهمـان
قـىلغان. بـۇ خـىل تـاماق «ئـابى ئـېشى» دەپ ئـاتىلىپ،
كىمنىڭ قاچان قورسىقى ئـاچسا شۇ چـاغدا قـازان بـېشىغا
كېلىپ، «ئابى ئېشى» ئىچىپ كېتىشكەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق هىس قـىلىش مۇمكىنكى،
بىرىنچىدىن، نورۇز بـايرىمى بـىلەن «سـارغايدى مـەشرى-
پى» هەم نورۇز بايرىمىنىڭ هەم مـەشرەپنىڭ زىلزىلـىسىنى
يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش بىلەن بىللە، ئەل ئـىچى تـەن-
تـەربىيە تـۈرلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كـىشلەردە ساغـلام
بولغان چېنىقىش ئادىتىنى يـېتىلدۈرۈپ، تـەن ساغلاملىقىنى
ئاشۇرۇش، ئىرادىنى چېنىقتۇرۇش قاتارلىق جەهەتلەردە ئـە-
جابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئـىل-
گىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئىككىنچىدىن، ئەل ئـىچى تـەن-
تەربىيەسىنىڭ كىشلەرنى ئىلهاملاندۇرۇش رولىدىن تـولۇق
پايدىلىنىپ، كىشلەر ئارىسىدىكى نورمال رىقـابەت ئـېڭىنى
كۈچەيتىشكە ئىلهام بېرىپ، ئاۋام ئارىسىدا هەر قايسى پائا-
لىيەت تۈرلىرى بـويىچە بـىر تـۈركۈم يۇقىرى مـاهارەتلىك
كەسىپ ئەهلىلىرىنىڭ يېتىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.
بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئـاممىۋى مـەدەنى-
يەت پائالىيەتلىرىمىز ئـۈچۈنمۇ پۇختا ئـاساسلار سېلىنغان.
ئۈچىنچىدىن، سارغايدى مەشرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نـو-
رۇزلۇق پائالىيەتلەر هەرقايسى يۇرت ئەهلىلىرى بىر يـەرگە
توپلىشىپ بەلگىلىك قائىدە - تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلـ-
دىغان بىر قەدەر ئىلمىيلىككە ئىگە بولغان، ئـادىل رىقـابەت
تۈسىنى ئالغان ئاممىۋى تەنتەربىيە، سەنئەت پـائالىيەتلىرى
بولغاچقا يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ مەنىۋى تـۇرمۇشىنى بـې-
يىتقان. شۇڭلاشقا بۇ پائالىيەتلەرنى ئەل ئىچىدە تېخىمۇ ئو-
مۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئـەهمىيەت
بـەرسەك نـۆۋەتتە تـەكىتلىنىۋاتقان سـوتسىيالىستىك ئـىناق
جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئـەبەدىي
ئەمىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتە بـەلگىلىك ئـىجتىمائىي ئۈنۈم
يارىتىپلا قالماي، ئۆرپ - ئادەت ساياهەتچىلىكىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇپ بەلگىلىك ئـىقتىسادىي ئۈنۈم هـاسىل قـىلىشتىمۇ
مۇهىم رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

(ئـاپتور: مـەكىت نـاهىيەلىك مـەدەنىيەت يـادىكارلىقلىرىنى
قوغداش ئورنىنىڭ پېنسىيونېرى)



# قادىر پاراڭ چاقچاقلىرى

دۇنيادا غەم- قايغۇدىن يىراق تۇرۇپ، خۇشال- خۇرام
ياشاشنى خالىمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ناھايىتى ئې-
نىقكى، لەتىپە- يۇمۇر، كۇلكە- چاقچاقلار ئادەمنى غەم-
قايغۇدىن يىراقلاشتۇرۇپ، خۇشال- خۇرام ياشاشقا ئۈند-
ەيدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاند-
ا، ئەل ئارىسىدىكى لەتىپە- يۇمۇرچى، چاقچاقچى كىش-
لەرنى شادلىق ئەلچىسى دېيىش مۇمكىن. نەسىردىن ئەپەن-
دىدىن تارتىپ ھېسام قۇربانغىچە، سەلەي چاققاندىن موللا
زەيدىنگىچە سان- ساناقسىز شادلىق ئەلچىلىرىنىڭ مەيدانغا
چىقىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىشتا مىسلىسىز
تۆھپە قوشۇپ كەلگەنلىكىنى جۇملىدىن ئۇلارنىڭ تىللاردا
داستان بولغان ھەم قىزىقارلىق، ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش-
پائالىيەتلىرىنىڭ خەلقىمىز مەنىۋىيىتىدە بىر خىل تىندۇرما
ھاسىل قىلىپ، تەۋرىرۇك ئۇدۇمغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى
شۇ ۋەجىدىن ھازىرقى كۈنلەردىمۇ ھەر بىر يۇرت، ھەر
بىر ئىجتىمائىي توپتا، شادلىق ئەلچىلىك رولىنى جارى قىل-
دۇرۇپ، ئاۋامنىڭ چېھرىگە كۈلكە قوندۇرۇپ كېلىۋاتقان
يەرلىك چاقچاقچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىۋاتقانلى-
قىنى بايقاتىمىز.

قادىر پاراڭ (قادىر ئابدۇكېرىم) سەنئەتخۇمار مەكىت
خەلقى ئارىسىدا يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئەنە شۇنداق
شادلىق ئەلچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1963- يىل 8-
ئاينىڭ 25- كۈنى مەكىت ناھىيەسىنىڭ تەكلىماكان بىلەن
بىۋاستە چېگرالىنىدىغان غازكۆل يېزىسىنىڭ شەمبازار كەن-
تىدە 3- ئەۋلاد ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1970-
يىلدىن 1975- يىلغىچە شەمبازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە؛
1980- يىلغىچە غازكۆل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تو-
لۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈز-
گەندىن كېيىن گەرچە ئائىلىسىگە قايتىپ، دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، كىچىكىدىن يېتىلدۈرگەن
كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى تاشلىماي، بىر تەرەپتىن ئاپتونوم
رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان ھەر خىل كىتاب ۋە گېزىت-
ژۇرناللارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن
كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقام- مەشرەپ ماكانى غازكۆل
يېزىسىدىكى تۇرلۇك يەرلىك مەشرەپلەر سورۇنلىرى ۋە
قىزىقچىلىق سورۇنلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ دەس-
لەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزغان.

قادىر پاراڭ گەرچە بىر ئادەتتىكى ئەلنەغمىچى ئائىلىسى-
دە چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرىغا
چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئاتا- بوۋىسىنىڭ ئەلنەغمىچى-
لىك، قىزىقچىلىق ئۇدۇمىغا ۋارىسلىق قىلغان. جۈملىدىن
تۇرلۇك يەرلىك مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ قىزىقچى-
لىق تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھازىر جاۋابلىقى،
شېئىر- قوشاققا ماھىرلىقى ۋە نەق مەيداندا چاقچاق
توقۇش ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا «قادىر پاراڭ»
دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئارىسىدىكى
چۆچەك، لەتىپە- يۇمۇر، بېيىت- قوشاقلارنى توپلاپ ۋە
رەتلەپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تۇمەنتال چېچەكلى-
رى»، «جۇڭگو چۆچەكلىرى توپلىمى، مەكىت قىسمى» قا-
تارلىق نەشر- ئەپكارلىرىدا ئېلان قىلغان. بۇلاردىن باشقا،
«ئېتىمەن» قاتارلىق يەنە بىر قىسىم ھەجۋىي ئەسەرلىرىمۇ
ئېلان قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇ 1990-
يىللىرى ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت
يىغىنلىرىدا 1- ۋە 2- دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى بولۇپ باھا-
لىنىپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان.

قادىر پاراڭ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتكە،
جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان ئوتتەك قىزغىن-
لىقى بىلەن ھارماي- تالماي ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشپ كەلمەك-
تە. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم چاقچاقلىرىنى ئوقۇرمەنلەر-
نىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمىز:

### چىشى كاناي

قىش باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قادىر پاراڭ ئۆيى-
گە مەش قويۇپ قارىسا، كاناي كەملەپ قاپتۇ. بازاردىن

ئالاي دېسە، غازكۆل يېزىسىنىڭ بازىرى پەيشەنبە كۈنى بولغاچقا، پەيشەنبە كەلگىچە يەنە بەش كۈن بار ئىكەن.

قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، بىر تونۇشى كېلىپ قېلىپ، قوشنا كەنتتە بىر تۈنكاساز ئۇستامنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. قادىر پارالىك ئىزدەپ سوراپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئۇستامنىڭ لەقىمى «كاناي» بولۇپ، قادىر پارالىكنىڭ «كاناي بارمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئۆي كانايلارنىڭ ماكانى تۇرسا، كاناي بولماي ئۇكام؟ قانداق كاناي دېسىڭىز شۇندىقى بار. چوڭ كاناي لازىم بولسا مانا مېنى ئېلىڭ؛ كىچىك كاناي لازىم بولسا، ئاۋۇ بالامنى ئېلىڭ؛ ئەگەر كاناي لازىم بولسا، ئەنە ئاۋۇ مۈكچىيىپ ئولتۇرغان دادامنى ئېلىڭ.

قادىر پارالىك تۈنكاساز ئۇستامنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگىنىگە قىزىقىپ دەپتۇ:

— ماڭا چىشى كاناي لازىم ئىدى.

— قىزىم تېخى كىچىك، خاپا بولماي، بەش-ئون يىلدىن كېيىن كېلىڭ، — دەپتۇ ئۇستام چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

### مىدىلىك

بىر كۈنى قادىر پارالىكنىڭ ئايالى ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپارسا، دوختۇرلار بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاسما ئوكۇل ئېسىپ قويغانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئايالى تەرلەپ، تىترەپ سىلكىنىپ ياتالماي قاپتۇ. قادىر پارالىك دەرھال دوختۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ ئەھۋالنى ئېيتسا، دوختۇر:

— ئەنسىرىمەڭ، ئايالىڭىزغا ئاسقان ئوكۇلنىڭ رېئاكسىيەسى يوق، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دەپتۇ.

قادىر پارالىك چىقىپ قارىسا، ئايالى يەنە تىترەپ ئارامسىزلىنىۋاتقۇدەك، شۇنىڭ بىلەن قادىر پارالىك دوختۇرنىڭ يېنىغا يەنە كىرىپ سوراپتۇ:

— ئايالىمغا قانداق ئوكۇل ئېسىلغان؟

دوختۇر:

— مىدىلىك ئاسقان.

— مۇنداق دېسىلە، — دەپتۇ قادىر پارالىك كۈلۈپ سېلىپ، — ئايالىمغا مىدىلىك ئوكۇلى ئېسىلغانلىقىنى بىلمەپتىمەن، ئۇنىڭ مىدىلىشى شۇنىڭدىنكەن-دە.

### خوتۇنۇم بار

قادىر پارالىك ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يېزا يولىدا ئالدىراش كېتىۋاتسا، بىر شاللاق خوتۇن ئۇنى توسۇپ دەپتۇ:

— قادىرخان، مېنى ئېلىۋالسىڭىز بوپتىكەن.

قادىر پارالىك:

— كەچۈرسىلە خېنىم، سىلىنى ئېلىۋالاي دېسەم، نىكاھىمدا خوتۇن بار، — دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

### تاز بىلەن قارىغۇ

قارا قىشنىڭ بىر كۈنى قادىر پارالىك تاز لەقەملىك بىر ئاغىنىسى بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قارىسا سەت بىر كۆرەك تۇماقنى كىيىۋېلىپ كېتىپ بارغۇدەك.

— تازنىڭ تۇمىقىنى كىيىۋېلىپ نەگە ماڭدىڭلار؟ — دەپتۇ قادىر پارالىك چاقچاق قىلىپ.

ئەسلىدە قادىر پارالىكنىڭمۇ بىر كۆزى قىسىق بولغاچقا، ئاغىنىلىرى ئۇنى قارىغۇ دېگەن سۆزگە توغرىلاپ چاقچاق قىلىدىكەن. شۇڭا ھېلىقى ئاغىنىسىمۇ دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ دەپ كىيىۋالغان ئاداش، قارىغاندا، ئاز-تولا كۆرىدىغان ئوخشىمامدا؟

### توك ئېرىگەندە

بىر سورۇندا قادىر پارالىكنىڭ ئىلھامى تۇتۇپ، سورۇننى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ تازا قىزىپ سۆزلەۋاتسا، زادىلا كۈلمەيدىغان توك لەقەملىك بىر تونۇشى سوراپتۇ:

— گېپىڭلار قاچان تۈگەيدۇ قادىرخان؟

كەيپى ئۇچقان قادىر پارالىك شۇئان جاۋاب بېرىپتۇ:

— توك ئېرىگەندە تۈگەيدۇ، ئادىشىم.

### چىراغ ياندۇرۇپ

بىر يىلى يازدا گۈلدۈرمامىلىق چاقماق بىلەن بىر كېچە-كۈندۈز يامغۇر يېغىپتۇ. ئەتىسى يامغۇر توختىغاندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر چىقىپ، يېغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتسا، ئارىدىن بىرى گەپ كوچىلاپ:

— يامغۇر دېگەن بەزىدە ئۇ يەرگە يېغىپ بۇ يەرگە ياغمايدىغان، بۇ يامغۇرنىڭ ئالا قويماي ھەممە يەرگە ياغقىنىنى كۆرمەمدىغان!

— ئالا قالمىسۇن دەپ ۋال-ۋۇل چىراغ ياندۇرۇپ، ھەممە يەرنى يورۇتۇپ تۇرۇپ ياغقان تۇرسا، يەنە ئالا قالامتى؟! — دەپتۇ قادىر پاراك.

### ناندىن زىيان چىقىپ...

قادىر پاراك ئۆي سالدىغان بولۇپ، ئىشنى بىر ئۇستامغا كۆتۈرە بېرىپتۇ. ئۇستام شاگىرتلىرى بىلەن كېلىپ ئىش باشلىغىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋۇماپتۇ، ئەمما تاماققا كەلگەندە ئۇلارغا ئاشنان توشمايدىكەن.

بىر ئاخشىمى تاماق يېيىشكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، قادىر پاراك سوراپتۇ:

— ئۇستام، ئۆزلىرى بۇرۇندىلا تامچىمىدىلە؟

— ياق، ئىلگىرى ناۋاي ئىدىم، — دەپتۇ ئۇستام:

— ئۇنداقتا ياققان نانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىغا ئۆلگۈرمەي، ناندىن زىيان چىقىپ تامچى بولۇپ قاپتىكەنلا-دە!

### مېنىڭ ئېيتىۋېلىپ

بىر ئادەم ساقچىخانىغا كىرىپ، قوشنىسىنىڭ ئۇستىدىن زارلىنىپتۇ:

— تام قوشنىمىز تولىمۇ ئىنسابسىزلىق قىلىپ، پاسىل تامنىڭ يېنىدىكى ئالما-ئامۇتلىرىم پىشىپ ھويلىسىغا چۈشكەن ھامان ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— مۇنداق ئۇششاق-چۈششەك گەپلەرگە دېلو تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ ئاكا، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭلار چىرايلىق دېيىشىپ كېلىشىۋېلىڭلار، — دەپتۇ ساقچى ئۇنىڭغا.

— شۇنداق قىلساققۇ ياخشى بولاتتى، ئەمما ئالدىنقى كۈنى خوتۇنۇم مېۋە ئۈزىمەن دەپ تامنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قوشنامنىڭ ھويلىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتىكەن، ئۇنىمۇ مېنىڭ قىلىۋېلىپ بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

### تەلىيىڭىز بار ئىكەن

يولدا ماشىنا ساقلاپ تىت-تىت بولۇپ كەتكەن بىر ئايال، مېيىت توشۇش ماشىنىسىنى توسۇپ دەپتۇ:

— بەك جىددىي ئىشىم بار ئىدى ئۇستام، مېنى ئالغاچ كەتكەن بولسىلا.

شوپۇرمۇ ئالدىراش بولغاچقا، ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئايالنى چىقىرىپ، ماشىنىنى تېز ھەيدەپ، ئايالنى دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. يول ئوڭۇشلۇق بولغاچقا، تولىمۇ ناچار ئىكەن. پۇت-قوللىرى يېغىر بولۇپ، ئاغزى-بۇرنى قانىغان ئايال ۋايىسىغىنچە ماشىنىدىن چۈشۈپ، شوپۇرغا دەپتۇ:

— ماشىنىنى شۇنداقمۇ ھەيدىگەن بارمۇ ئۇستام؟ قارىسىلا ئەپتىمگە؟

— ھېلىمۇ تەلىيىڭىز بار ئىكەن، — دەپتۇ شوپۇر، — بۇ ماشىنىغا چىققان ئادەم تىرىك چۈشمەيتتى.

### بالىغا بېرىلگەن مەسلىھەت

بىر يىلى يازدا قادىر پاراكنىڭ بىر ئوغلى يەكەن ئىگەچى سۇ ئامبىرىغا سایاھەتكە كېتىپ، دادىسىغا تېلېفون قىپتۇ:

— دادا، ئىگەچى ئامبىردا شۇنداق چوڭ، ئېسىل بېلىقلار بار ئىكەن. سەن بېلىققا ئامراق ئىدىڭ، ئالغاچ بارايمۇ دېسەم، بۇ ئىسسىقتا پۇراپ قالامدىكەن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. مەسلىھەت بەرگىنە، قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان بالام، — دەپتۇ قادىر پاراك، — ئۆزۈڭ دېگەندەك چوڭ، ئېسىل بېلىقتىن 50 — 60 نى ئېلىپ، بىزنىڭ مەھەللىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تىزناپ دەرياسىغا تاشلاپ ھەيدەپ كەلسەڭ، سېسىپ قالمايدۇ.

### خوتۇننى ئاسراپ...

قادىر پاراك توي قىلىپ بالىچاقىلىق بولۇپ بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يول ياقىسىدا بىر چوكان بىلەن چاقچاقلىشىپ تۇرسا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قوشنىسى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، تەنبىھ بەرمەكچى بولۇپ دەپتۇ:

— قادىر ئاخۇن، كۆپ-كۈندۈزدە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسىلە؟

— نېمە قىلاتتىم، — دەپتۇ قادىر پاراك، — ئوتۇننى ئاسراپ چاۋا قالاپ، خوتۇننى ئاسراپ تالاغا قاراپ يۈرۈۋاتىمەن شۇ!

### بالىنىڭ جاۋابى

بىر ھاراقكەش رېستوران-قاۋاقلارغا بالىنىمۇ ئېلىپ بارىدىكەن ھەمدە ئاشقان تاماقلارنى ئۆيگە ئالغاچ كېلىپ، دادىسىغا كۆيۈنگەن بولۇۋالىدىكەن. بىر كۈنى ئوغلىنى ئەكىلىپ ئولتۇرۇپ سوراپتۇ:

— بالام، چوڭ بولساڭ مېنى باقامسەن؟

— باقىمەن.

— قانداق باقسەن؟

— مەنمۇ رېستورانلاردىن ئاشقان تاماقلارنى ئالغاچ كېلىپ باقىمەن شۇ.

### سىزنىڭ بالىڭىزمىدى؟

بىر بازار كۈنى قادىر پاراڭ بازار ئارىلاپ كېتىۋاتسا، بالا يېتىلەپ ماڭغان بىر ئايال «غىررىت!» قىلىپ يەل قويۇۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپ قادىر پاراڭنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئىزا تارتىپ بالىسىنى دۆشكەلەپ دەپتۇ:

— ئوساماي ماڭەۋە شۇم!

بۇنى كۆرۈپ قورسىقىغا جىن كىرگەن قادىر پاراڭ، ھېلىقى ئايالنى يانداپ كېلىپ «تارت!!» قىلىپ يەل قويۇۋېتىپ، ھېلىقى بالىنى دۆشكەلەپ: «ئوساماي ماڭاۋە شۇم!!» دېسە، ھېلىقى ئايال:

— قانداق ساراڭ ئادەمسىز؟ نېمە دەپ بالامنى دۆشكەلەيسىز؟ — دەپ ھۆرپىيىپتۇ.

— سىزنىڭ بالىڭىزمىدى؟ — دەپتۇ قادىر پاراڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن تېخى كوچىدا ئۇسۇرۇپ سالغانلار كېلىپ دەشكۈلەپ ئوينايدىغان سوقىندى بالا چېغى دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

### بالىلارنىڭ دېيى

قادىر پاراڭنىڭ كېلىنلىرىنىڭ بىرى نەغمە-ناۋا، ئويۇن تاماشىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى ئۆيدىكى داپنى قولىغا ئېلىپ تاراڭلىتىپ ئولتۇرۇپ، قادىر پاراڭغا قاراپ دەپتۇ:

— قېيىنئاتا، داپ چېلىپ بەرسەم ئۇسسۇل ئويناپ بېرەملا؟

— ئويناپ بېرەي بالام، — دەپتۇ قادىر پاراڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — بالىلىرىمنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، بولغان يېرىم مۇشۇ ئىدى، ئەمدى سىزنىڭ دېپىڭىزغىمۇ ئويناپ بېرەي!

### ئەمالار جېدىلى

بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى يۆنىلىشتە كېلىۋاتقان ئىككى ئەما كىشى سوقۇلۇپ كېتىپ جېدەللىشىپ قاپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ جېدەلنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان قادىر پاراڭ ئىككىسىگە خېلى نەسىھەت قىلىپمۇ ئاجرىتالماپتۇ-دە تۇيۇقسىزلا:

— ھەي تېز قاچ، ئاۋۇ قارىغۇ قولىغا پىچاق ئالدى! — دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ھەر ئىككى ئەما دەرھال قېچىپ كېتىپتۇ.

### ئەقىلسىز كالا

قادىر پاراڭ جۇۋازچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر باي ياغ تارتقۇزغىلى كېلىپ جۇۋازغا قوشۇلغان كالىنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراققا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ سوراپتۇ:

— قادىرئاخۇن كالىنىڭ بويىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ — قادىر پاراڭ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ:

— كالام جۇۋازنى ئايلىنىپ تۇرسا قوڭغۇراقمۇ جىرىڭلاپ تۇرىدۇ، كالام توختاپ قالسا قوڭغۇراقمۇ توختايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كالىنى يەنە ھەيدەيمەن، — دېسە، باي:

— كالىڭىز ماڭماي بىر ئىزدا تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىۋەرسە قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ. قادىر پاراڭ:

— ئەگەر كالامنىڭ ئۇنچىلىك ئەقلى بولغان بولسا جۇۋازخانامدا جۇۋاز تارتماي سىلىگە ئوخشاش باي بولۇپ كەتكەن بولاتتى، — دەپتۇ.

### ئىسمىنى يېزىش

بىر ئاغىنىسى قادىر پاراڭنى ئىزدەپ ئۆيىگە بارسا يوق تۇرغۇدەك، ئاچچىقىدا ئىشىكىگە «ئېشەك» دەپ يېزىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. خەتكە قاراپ ئۇ ئىكەنلىكىنى پەملىگەن قادىر پاراڭ:

— ئاداش ئاخشام ئۆيگە بېرىپتىكەنسەن مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن خاپا بولما، — دېسە، ھېلىقى ئاغىنىسى:

— مېنىڭ بارغىنىمنى قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، قادىر پاراڭ:

— ئىسمىڭنى ئىشىككە يېزىپ قويۇپتىكەنسەن، شۇنىڭدىن بىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### بىر قوللۇق مىنىش

باش-كۆزلىرى قانغا بويالغان قادىر پاراڭ يىغلىغان پېتى كىرىپ دادىسىغا كايىپتۇ:

— دادا دېگەنمۇ قاراپ تۇرۇپ بالىسىنى قەستلەمدىغان؟

— نېمە بولدۇڭ بالام؟ — دەپتۇ دادىسى ھەيران بولۇپ.

ـــ تۈنۈگۈن موتوسىكلىتنى ئېلىپ بېرىدىغان ۋاقىتىدا «بىر قوللۇق ھەيدە، بىر قوللۇق ھەيدە» دەۋېرىپ مانا بىر قوللۇق ھەيدىگەننىڭ كاساپىتى، ـــ دەپتۇ قادىر پاراڭ باش-كۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

## مەھەللە مەشرىپىدە

قادىر پاراڭنىڭ بىر كۆزىنى قىسىۋالىدىغان يامان ئادىتى بار ئىكەن. بىر ئاخشىمى مەھەللە مەشرىپىدە تولىمۇ قاملاشقان بىر چىرايلىق چوكاننىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا پات-پات قاراپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇ چوكان:

ـــ ھە، يىگىت، كۆزلىرىنى قىسىپ بەك قاراپ كەتتىلىغۇ؟ ـــ دەپ سوراپتىكەن، قادىر پاراڭمۇ بوش كەلمەي دەپتۇ:

ـــ راست دەيلا خېنىم، ئىككى كۆزۈم بىلەن قاراپ سىلىنى قارىغا ئېلىپ بولالماي، بىر كۆزۈم بىلەن قارىغا ئېلىۋاتىمەن.

ـــ مېنى قارىغا ئېلىپ نېمە قىلالاتتىڭىز؟

ـــ ئەگەر قارىغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسىڭىز، مۇھەببەت ئوقۇمنى بەتلەپ، يۈرىكىڭىزنى چەنلەپ ئاتاتتىم.

مەشرەپ كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن داۋاملىشىپ، دەررە ئويۇنى باشلانغاندا، قادىر پاراڭ ھېلىقى چوكانغا دەررە تۇتقۇزۇپتۇ. دەررە ئۆز يولى بىلەن داۋاملىشىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئۇ چوكان بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ قادىر پاراڭنى يەلپۈپ:

ـــ قوشاق ئوقۇڭ، بولمىسا بولى بولۇپ قالسىز، ـــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قادىر پاراڭ قوشاق بىلەن كۆڭلىنى ئىزھار قىلىۋېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

ـــ ئېتىمنى باغلاپ قويدۇم بېدە-قىياققا،
ئۆزۈمنى تاشلىدىممەن دەريا-بۇلاققا.
سۇ دېسىلە سۇ بېرەي چىنە تاۋاقتا،
جان دېسىلە جان بېرەي كۆزى قاراققا.
مەشرەپ تۈگىگەندە يوللىرى قاياققا؟
ئەگىشىپ باراي مەنمۇ خېنىم شۇ ياققا.

قادىر پاراڭ ئېيتقان قوشاق تۈگىشى بىلەن، ئۇ چوكان ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

ـــ مەشرىپىمىز تۈگىسە يولۇم ئۆيەم سياققا،
ئۆيدە نوچى ئېرىم بار، قالسىز تاياققا!

## شاخ مانتا

بىر بازار كۈنى يېزا دوقمۇشىدا بىر ئادەم ئاۋازىنى تازا قويۇۋېتىپ: «شاخ مانتا! بىغىدا پىشقان مانتا! كېلەيلى خېرىدارلار كېلەيلى! شاخ مانتىسى يەپ كۆرەيلى!» دەپ توۋلاۋاتقانىكەن. قادىر پاراڭ يىراقتىن ئاڭلاپ قىزىقىپ قېلىپ بېرىپ قارىسا، شاپتۇل سېتىۋاتقان باققالنى كۆرۈپتۇ. كەلگەندىكىن قۇرۇق يانالماي، بىر كىلوگىرام شاپتۇلنى ئېلىپ، بىر نەچچىنى تېتىپ باقماقچى بولۇپ ئوتتۇردىن ئاجرىتىپ قارىسا، ساپلا قۇرت چىقىپتۇ. يەنە بىر نەچچىنى ماكلاپ باقسىمۇ يەنىلا شۇ قۇرت، قادىر پاراڭنىڭ سەل ئاچچىقى كېلىپ سوراپتۇ:

ـــ ئاكاھوي، جىڭلاپ بەرگەن شاپتۇللىرىڭنىڭ ھەممىسى قۇرت چىقتى، يەنە تېخى نومۇس قىلماي شاخ مانتىسى دەپ ۋارقىرايسەنغۇ؟

ـــ گۆشى بولمىسا مانتا دەپ توۋلىغىلى مەن ساراڭمىدىم ئۇكام؟ ـــ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

## تاش تەمى

بىر كۈنى قادىر پاراڭ بىر نەچچە قولاق كەستى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىكەن. بىرسى يەردىن مۇشتۇمدەك تاشتىن بىرنى ئېلىپ، قادىر پاراڭنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇۋېتىپتۇ. بىر نەچچە تال چىشى چۈشۈپ، ئاغزى-بۇرنى قان بولۇپ كەتكەن قادىر پاراڭ چىش دوختۇرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتسا، يولدا ئۇچراشقان بىرسى سوراپتۇ:

ـــ قادىرخان نېمە يېدىڭىز؟ ئاغزى-بۇرنىڭىز قان تۇرىدىغۇ؟

چاقچاققا ھەپىلىسى قالمىغان قادىر پاراڭ، كېتىۋېتىپ ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ تاش يېدىم، تاش!

ـــ تاشنىڭ تەمى قانداق بولىدىكەن؟

ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچقان قادىر پاراڭ يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ، ھېلىقى تونۇشىنىڭ ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭمۇ ئاغزى-بۇرنى قان بولۇپ كېتىپتۇ. قادىر پاراڭ:

ـــ تاشنىڭ تەمى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسىز؟ ـــ دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

## غازكۆل يولى

مەكىت ناھىيە بازىرىدىن بىر بالا غازكۆلگە تولا

قاترايدىغان بولۇپ قالغانىكەن، يولدا تولا ئۇچرىشىپ قالغان قادىر پاراڭ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئۇكام، غازكۆل بازىرىغا بەكرەك ئۆگىنىپ قالدىڭىزغۇ؟

— راست گەپنى دەيمۇ ئاكا؟

— ماڭا يالغان سۆزلىسىڭىز بىلىپ قالىمەن، شۇڭا راست گەپنى دەۋېرىڭ.

ئۇ بالا قادىر پاراڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇپتۇ:

غازكۆلنىڭ يولى تاشلىق، قىزلىرى ئۇزۇن چاچلىق،
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن، قانداق قىلىمىز ياشلىق!

### ئىنتىزار تاماقخانىسى

بىر كۈنى قادىر پاراڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ، بىر ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرىپتۇ. بىرەر سائەتچە ساقلاپمۇ تاماق يېيەلمىگەن قادىر پاراڭ كۈتكۈچىنى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىغا بىر سائەت بولغانلىقىنى، تاماقنى تېزرەك ئەكىرىشنى ئېيتسا، كۈتكۈچى بالا «بولمايدۇ، تاماقنى تېز ئەكىرسەك قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگۈدەك، ھەيران قالغان قادىر پاراڭ سوراپتۇ:

— بۇ قانداق گەپ؟ تاماقنى تېزرەك ئەكىرىش قايسى قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؟

— رەنجىمەي سىرتقا بىر چىقىپ، ۋىۋىسكىغا قاراپ بېقىڭ، شۇ چاغدا بىلىسىز.

كۈتكۈچىنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى ئۇقالمىغان قادىر پاراڭ سىرتقا چىقىپ ۋىۋىسكىغا قارىسا، «ئىنتىزار تاماقخانىسى» دەپ يېزىقلىق تۇرغىدەك.

### ئۆزىمىزمۇ يەيمىز

قادىر پاراڭ ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپ بىر قوي سويغانىكەن. گۆش پىشقاندا داستىخانغا يېرىم قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ چىقسا، بىر مېھمان چاقچاق قىلىپ سوراپتۇ:

— قادىرخان، پۈتۈن بىر قوينى ئۆلتۈرگەندەك قىلىۋاتاتتىڭلا، داستىخانغا ئاران يېرىم قوينىڭ گۆشى چىقتىغۇ؟

— قوينى ئۆلتۈرگەندە مېھمانغا دەيمىز، ئەمما گۆش پىشقاندا ئۆزىمىزمۇ يەيمىز، — دەپتۇ قادىر پاراڭ جاۋاب بېرىپ.

### تۈلكە دۆڭ

قادىر پاراڭنىڭ بازارمۇبازار چېپىپ يۈرۈپ قويچىلىق قىلىدىغان بىر تونۇشى 1000 يۈەن سوراپ كەلگەنىكەن. قادىر پاراڭ تونۇش-بىلىشلىكنىڭ يۈزىدىن ياق دېيەلمەي بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپمۇ پۇلنى قايتۇرۇۋالالماي ئاچچىقى كېلىپ يۈرسە، بىر كۈنى بازاردا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— بىر يىلدىن بېرى پۇلنى قايتۇرايمۇ دېمەيسەن ئاداش، — دەپتۇ قادىر پاراڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — ئىزدەپ باراي دېسەم، ئۆزۈڭنى تونۇغان بىلەن ئۆيۈڭنى بىلمەيدىكەنمەن. ئېيتىپ باقە، سەن زادى قەيەرلىك؟

— جەرەندۆڭلۈك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەرز ئالغۇچى.

— ھەر نېمە بولسا تۈلكە دۆڭلۈك ئەمەسكەنسەن، ئەمسە پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرەرسەن؟ — دەپتۇ قادىر پاراڭ.

### يېرىم ساراڭ

قادىر پاراڭ بازارغا بېرىپ پۇلنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئايالىنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى ئالىدىغانغا پۇلى بولمىغاچقا، يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈپ، تۇمىقىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىپ، بىر تىجارەتچىنىڭ ئالدىدىن بىر ئايالچە كۆڭلەكنى ئېلىپ سومكىسىغا سېلىپ، «مەن يېرىم ساراڭ» دەپ قويۇپ كېتىپتۇ. تىجارەتچى دەرھال قادىر پاراڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— سەن ساراڭ بولساڭ، سومكاڭنى ماڭا بېرىپ كەت، — دەپتۇ. بۇ چاغدا قادىر پاراڭ:

— مەن دېگەن يېرىم ساراڭ، سومكامنى ساڭا بەرسەم پۈتۈن ساراڭ بولۇپ قالامدىمەن، — دەپتۇ.

### چوڭ ئاشخانا

بىر قېتىملىق پويىز سەپىرىدە بىر نەچچە سەپەرداشلار بىر يەرگە يىغىلىپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئارىدىكى بىر كىشى:

— مەن كورلىدا ئاشخانا ئاچىمەن. ئاشخانامنىڭ چوڭلۇقىدىن 20 كۈتكۈچى تاماق توشۇيمۇ يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ پو ئېتىپتۇ. ئارىدىكى يەنە بىرسى:

— مەن ئۈرۈمچىدە ئاشخانا ئاچىمەن، ئاشخانامنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن 50 كۈتكۈچى ئۈچ چاقلىق

MIRAS

موتوسكلىت بىلەن تاماق توشۇيمۇ يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ يو ئېيتىپتۇ.

ياندا گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان قادىر پاراڭ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قوشۇلۇپ:

— مەنمۇ ئاشپەز، مەكتەپ ئاشخانا ئاچىمەن، ئاشخانامۇ خېلى چوڭ. 70، 80 ئادەم سەككىز، ئون قېيقنى قازاننىڭ ئىچىدە ھەيدەپ يۈرۈپ تاماق ئېتىپمۇ ئۈلگۈرتەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— پۇل دېگەننى غازاڭ يىغقاندەك تاپىدىكەنسىز-ھە!؟ — دەپتۇ ياندا ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتقان يەنە بىرەيلەن قادىر پاراڭغا.

— ھەرھالدا يامان ئەمەس، پۇل يىغىدىغان ئورۇندا ئون نەچچە ئادەم ئىشلەپمۇ يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. قايتىپ بارغاندىن كېيىن پۇل يىغىدىغانغا يەنە تۆت، بەش ئادەمنى تەكلىپ قىلايمىكىن دەيمەن. مائاشىڭلارنى يۇقىرى بېرىمەن، سىلەر بېرىپ ئىشلەمسىلەر-يا؟ — دەپتۇ قادىر پاراڭ كۆپچىلىككە قاراپ.

## نەچچىنچى ئايدا كەتكەندۇ

دولان يۇرتىدا بىر ساراڭ بار ئىكەن. دائىم ئۇچرىغانلا كىشىگە:

— مەن سىزگە بىر يىللىق سالام قىلىۋالاي. بىرىنچى ئايلىق سالام، ئىككىنچى ئايلىق سالام، ئۈچىنچى ئايلىق سالام...، — دەپ قول باغلاپ ئېگىلىپ، 12 ئاينى تولۇق ساناپ ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى قادىر پاراڭ يولدا كېتىۋاتسا، ھېلىقى ساراڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— قادىركا، ساڭا بىر سوئالىم بار. بىر كىشىگە بىر يىللىق سالام بېرىپ، سالام ئاخىرلاشقاندا باش كۆتۈرۈپ قارىسام، ھېلىقى كىشى يوق تۇرىدۇ. سەن دەپ باقە، ئۇ كىشى نەچچىنچى ئايلىق سالامدا كېتىپ قالغاندۇ؟ — دەپتۇ. قادىر پاراڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— تەرلەپ كەتكەن بولسا 6-ئايدا، توڭۇپ كەتكەن بولسا 12-ئايدا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى ساراڭ:

— قادىركا، ساڭا بىر يىللىق سالام بەرسەم، سەن نەچچىنچى ئايدا كېتەرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قادىر پاراڭ ماڭغىلى ئالدىراپ:

— مەن توڭغاقراق، بىرىنچى ئايدىلا كېتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## يىغىن

بىر كۈنى بىر كىشى قادىر پاراڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇكام قادىرئاخۇن، تازا ئۇچىغا چىققان قۇلاق كەستى بىر ئوغلۇم بار. ئىچىدۇ، چېكىدۇ، قىمار ئوينايدۇ، ھېچ تۈزىلەي دېمەيدۇ. قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئائىلە يىغىنى ئېچىپ، تەربىيە ئىشلەڭ، — دەپتۇ قادىر پاراڭ.

— ئۇ گۆي ھەپتىلەپ، ئايلاپ ئۆيگە كىرمىسە، ئائىلە يىغىنىنى قانداق ئاچىمەن؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەمسە تېلېفون يىغىنى ئېچىڭ، — دەپتۇ قادىر پاراڭ.

## بوشراق ئۇرغان

قادىر پاراڭ بىر باشلىققا مۇھىم بىر ئىشنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم تېلېفون ئۇرۇپمۇ ئالاقىلىشەلمەي، ئاخىرى ئۆيىگە ئىزدەپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتسا، باشلىق تېرىكىپ:

— بۇ ئىشنى نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭ؟ — دەپ كايىپتۇ.

— نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرسام تېلېفوننى ئالمىدىلا، — دەپتۇ قادىر پاراڭ. باشلىق تېلېفونغا بىر قاراۋېتىپ:

— ئاپلا، ئاڭلىماي قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ ئۆزلىرىنى چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ تېلېفوننى بوشراق ئۇرۇپتىكەنمەن، — دەپتۇ قادىر پاراڭ.

## ئوغرىنى مېھمانغا چاقىرىش

قادىر پاراڭ مەھەللىسىدىكى بىر ئوغرىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، ئوغرىلىق قىلماسلىق، توغرا يولغا مېڭىش ھەققىدە بىر مۇنچە تەربىيە ئىشلەپتۇ. قادىر پاراڭنىڭ مول داستىخىنىدىن تەسىرلەنگەن ئوغرى ئۆيدىن چىقىپ خوشلىشىدىغان چاغدا:

— رەھمەت قادىركا، مەنمۇ بىر كۈنى بىر قوي ئوغرىلاپ، سىزنى ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن قوشۇپ راۋۇرۇس بىر مېھمان قىلىمەن، — دەپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: **تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم** (مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ پېنسىيونېرى)



# ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مەكىت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا نەزەر

ئابلاجان مۇھەممەد

## خەلق قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خەلق قوشاقلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكانىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، مىللىي پسخىكىسى قاتارلىقلارنى قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەن. دولان مۇقام تېكىستلىرىگە تاللانغان بىر قىسىم قوشاقلاردا ئوۋ ئوۋلاش، چارۋا بېقىش، ئىشق-مۇھەببەت، ساداقەتمەنلىك، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، نىكاھ ئىشلىرى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئۆز ئورنىنى تاپقان. بۇ قوشاقلاردىكى مەزمۇن، تۈرلۈك كەسىپكە ئائىت سۆزلەر، ئۆرپ-ئادەتكە ئائىت ئۇچۇرلارغا قارىغان بولساق، مەكىت رايونىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت، تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدە مەكىت خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن قاتلىمى نۇقتىسىدىن چىقىپ، مەكىت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر قانچە نۇقتا ھەققىدە توختىلىمىز.

### ئوۋچىلىق ئادەتلىرى

ئوۋچىلىق ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر خىل پائالىيەت شەكلى. ئىنسانلار دەسلەپتە ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئوۋ قىلىش ئارقىلىق قامداپ كەلگەن. مەكىت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتى بولغان دولان مەشرەپ-قوشاقلىرى، ئۆز نەغمىلىرىدە قەدىمىي پۇراقنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دولان مەشرىپى ئۇسسۇلىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار بىردەك ھالدا دولان ئۇسسۇلى مەكىت خەلقىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ، مەكىت خەلقى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن جۇغراپىيەلىك مۇھىت، چەكسىز كەتكەن قۇم،

چۆل، دالا، يۇلغۇنلۇق، توغراقلىق تەرىپىدىن ئورالغان بولۇپ، مانا مۇشۇ خىل شارائىت ئاستىدا ئوۋچىلىق پائالىيىتى ئېخىمۇ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ بەزمە-مەشرەپ سورۇنلىرىدا ناخشا-ئۇسسۇل شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، مەكىت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەكىت خەلق قوشاقلىرىغا قارايدىغان بولساقمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتىگە بېغىشلانغان ئوۋ قوشاقلىرى مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئوۋ قوشاقلىرىنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ھالقىپ كۆزەتكىنىمىزدە ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلىنىش شەكلىنى، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە ئائىت مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

يارىم ئوۋغا چىقىپتۇ،
بەللىرىدە چومىقى.
ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
قارا كۆرپە تۇمىقى.

قۇشقاچ ئۇنلىدى باغدا،
چەنلەپمۇ ئاتالمىدىم.
سىز ئۇ يەردە مەن بۇ يەردە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

قارچىغام قونۇۋالدى،
ھويلاڭدىكى تېرەككە.
تاتلىق-تاتلىق گەپ قىلىپ،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە.

قارچۇغىدا ئوۋ قىلىپ،
چۆلدە قالغان بارمىدۇ؟
ياردىن مەندەك ئايرىلىپ،
داغدا قالغان بارمىدۇ؟

ئالمىنى ئاتقان بىلەن،
چۆلدە كېيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ سۆيگەن بىلەن،
ئۆمۈرلۈك بولالمىدىم.

يۇقىرىقى قوشاقلاردا مەكىت خەلقىنىڭ ئوۋچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئوۋچىلىق قورallىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن ھەم شۇنداقلا مەكىت خەلقىنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى سۈرەتلەنگەن. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن ۋە تاياق، توقماق، چوماق، ئوقيا، قىلتاق، نەيزە، تور، لەخمە، قىسماق، باسماق، قاپقان قاتارلىق ئوۋچىلىق ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلغان، شۇنداقلا ھەر خىل قۇش ۋە ئىتنى كۆندۈرۈپ ئوۋچىلىقتا ئىشلەتكەن.

تال كېسىپ، تاللار كېسىپ،
جىگەر كېسىپ، كاۋاپ ئېتىپ.
بۇ يۈرەك قانداق چىدادۇ،
يار سېنى تاشلاپ كېتىپ.

بۇ قوشاقتا بولسا مەكىت خەلقىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، ئوۋچىلىق ئادەتلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ئادەتتە مەكىت خەلقى ئۇن يېمەكلىكنى ئاز ئىستېمال قىلىدۇ. ئاساسلىق ئوزۇقى گۆش بولۇپ، گۆشنى ئوۋلاپ كەلگەن ئوۋ جانىۋارلىرىنىڭ گۆشى ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ، كېيىنچە ئوۋلاپ كەلگەن جانلىقلارنى قولغا كۆندۈرۈش، چارۋىچىلىق شەكلى ئارقىلىق بېقىپ كۆپەيتىش شەكىللىرى بىلەن گۆش مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى، سانىنى ھەل قىلغان. ھازىرمۇ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىملەردە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوي گۆشىنى پۇتۇن پىشۇرۇپ، ئۇچا قىلىپ بىر پىيالە چېيىم بار ئىدى، دەپ ئېلىپ چىقىدۇ، مانا بۇ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى مەكىت خەلقىنىڭ ئادىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈنلىرىدىكى ساقلىنىپ قالغان ساقىندىلىرىدۇر.

## چارۋىچىلىق ئادەتلىرى

چارۋىچىلىق ئوۋچىلىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىلغار بولغان بىر خىل ئىگىلىك شەكلى بولۇپ، ئادەتتە مەكىت خەلقى ئائىلىدە ئات، قوي، ئۆچكە، كالا، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆپرەك باقىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئات بىلەن قوي نىسبەتەن كۆپ ھەم كەڭ كۆلەمنى ئىگىلەپ، تۇراقلىق بولغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن، بولۇپمۇ ئات بىلەن ئېشەك چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلانغان بولسا، قوي ئاساسلىق يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئېھتىياجىنى قامدايدىغان مەنبەگە ئايلانغان.

دولان دەريا بويلىرى،
يايلاقتىدۇر قويلىرى.
قارىسام كۆرۈنەرمۇ،
پادىچى يارنىڭ ئۆيلىرى.

قوينى قوتانغا ھەيدىسەم،
ئوتلاققا ماڭاي دەيدۇ.



2017.5



سىنىڭ دەردىڭدە كۆز يېشىم،
يامغۇر بولۇپ ياغاي دەيدۇ.

بۇ قوشاقلاردا قوي باقمىچىلىققا ئائىت مەزمۇن ئۆز ئورنىنى تاپقان بولۇپ، مەكىت ناھىيەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، يوپۇرغا، مارالبېشى ناھىيەلىرىدە مەكىت قويى باقمىچىلىقى رەسمىي بىر خىل ئىگىلىك سودا شەكلىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ھازىر مەكىتتە «دولان قويى» ماركىسى بىلەن نام ئالغان قويلارنىڭ باھاسى ئاز دېگەندىمۇ نەچچە مىڭ يۈەن، ئەڭ قىممەت دېگەندىمۇ 1 مىليون يۈەنگىچە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ، مەكىت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا.

ئات ئالدىم چىلان توروۇق،
مىنەي دېسەم سەل ئورۇق.
سەيلىخان تېگەي دەيدۇ،
ئەمما يۈزلىرى قورۇق.

ئاتخانىنىڭ ئالدىدا،
ئالا ئات تۇياقلىرى.
بىزنىڭ قارا قاش يارنىڭ،
مەخمەل تاش تۇماقلىرى.

مەكىت خەلقى ئادەتتە ئاتنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ، مۇۋاپىق ھالدا ئات گۆشىنى ئىستېمال قىلىدۇ، تېبابەتتە ئىشلىتىدۇ، ئاتقا ئائىت مەخسۇس جابدۇق-لازىمەتلىك كەسىپلىرى مەكىتتە خېلى ئومۇملاشقان. ئاتنى قاتناش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئوغلاق تارتىشىش، مەشرەپلەردە ئات ئۇسسۇلى ئويناش قاتارلىق شەكىللەر ئومۇملاشقان ۋە ماددىي، مەنىۋى قاتالام ھاسىل قىلىنغان، دولان راۋابىنىڭ بويىنى ئەگرى، چوقىسى ئات بېشى شەكلىدە بولىدۇ. مەكىت خەلقى ئاتنى مەخسۇس ئېغىلدا باقىدۇ، ئېگەر-جابدۇقلىرىنىمۇ ناھايىتى خىللاپ بېزەيدۇ، ئاتنى ئۇرۇش، خارلاش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئات ئۇسسۇلى ئارقىلىق ئىپتىدائىي دەۋردىكى ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ئوبرازى يارىتىلىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ھېلىھەم خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

## دېھقانچىلىق

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا تۈرلۈك زۆرۈرىيەت بىلەن پەيدا بولغان، بارا-بارا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بىر خىل ئىگىلىك شەكلى. مەكىت خەلقى ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت تەسىرى بىلەن ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىش جەريانىدا دېھقانچىلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك ئىگىلىك شەكلىگە ئايلانغان.

ئويبۇغداي دېگەن يەردە،
بۇغداي بولۇپتۇ ئۆزگىچە.
يارىم بىلەن بىر بولۇپ،
يەيمىز ئۇنى كۈزگىچە.

ئېتىزدىكى قوناقنى،
چوڭ بولغاندا تاقلايمەن.
ئاغزىمدىكى ناۋاتنى،
سەن يارىمغا ساقلايمەن.

يارىم سېلىپ چىقىپتۇ،
دولىسىغا كەتمەننى.
زاڭلىق قىلما خالايىق،
مەندەك غېرىب دەردمەننى.

يۇقىرىقى قوشاقلاردا مەكىت خەلقىنىڭ ئاساسلىق يېزا
ئىگىلىك زىرائەتلىرىدىن بۇغداي ۋە قوناق تىلغا ئېلىنغان،
مەكىت ناھىيەسىدىكى نوپۇس ۋە تېرىلغۇ يەرلەر ئاساسلە-
قى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئوخشاشلا ئىككى
دەريانى ـــ يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنى لە-
نىيە قىلىپ جايلاشقان. ئۇلار تېرىقچىلىق قىلىش داۋامىدا
تېرىقچىلىققا ئائىت ھەرخىل پائالىيەتلەرنى، تېرىقچىلىق
سايمانلىرىنى، تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈر-
گەن. بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، ماش قاتارلىق
دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. بۇ زىرائەتلەر بىلەن ئۆزلە-
رىنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەسلىسىنى، چارۋىلارنىڭ يەم-
خەشەك مەسلىسىنى ھەل قىلغان. ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى
مۇۋاپىق قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ياكى سېتىش بىلەن ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئارپا ئورغىلى ماڭسام،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يار قېشىغا ماڭغاندا،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

سۆرەمدە ئېزىلمەيدۇ،
ئاقتامنىڭ چالمىسى.
بۇ چوكاننى بىلمەيتتىم،
تېپىشتۇرغان ھاممىسى.

مەكىت خەلقى دېھقانچىلىق جەريانىدا مۇۋاپىق ھالدا
قائىدە-يوسۇن، يەرلىك بىلىم چۈشەنچىلىرىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوش، بوقۇسا،
سۆرەم، تارماق، تۇلۇق، كەتمەن، ئورغاق، ئارا، ئوتە-
غۇچ، كۈرەك، غەلۋىر، ئۆتكەمە قاتارلىق دېھقانچىلىق
سايمانلىرىنى ياساپ، ئىشلىتىپ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجە-
نى قامدىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاختاما، شۈدىگەر قاتارلىق
يەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇشقا ئائىت خاس ئاتالغۇلاردىن
مەكىت خەلقىنىڭ ئاللىقاچان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ قائى-
دە-قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەن، نىسپىي ھالدا ئىلمىي تېرىقچە-
لىق قىلىشنى بىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## سودا-سېتىق

ئۆتمۈشتە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق، كۆندە-
لىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن چاي - تۇز، يىپ -
يىڭنە، كىيىم - كېچەك، قاچا - قومۇچ قاتارلىق تاۋار-
لارنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرالمىغاچقا، ئۇلارنى چارۋىچە-
لىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. مۇشۇ
زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بارا - بارا چاربا-
زار سودىگەرلىرى پەيدا بولغان. دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمە-
لىششى بىلەن كىشىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، بازار
پەيدا بولغان، كىشىلەر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پائالىيەت-
لەر بىلەن شۇغۇللانغان، ھەممىمىزگە مەلۇمكى قەدىمكى
يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەنۇبىي لىنىيەسى
يەكەندىن تاشقورغانغا قاراپ غەربكە يەكەن دەرياسىنى
بويلاپ، يەكەندىن مارالبېشىغا قاراپ ئوتتۇرا شىمالىي
يولغا تۇتاشقان، بۇ يولدا مەكىت كۆۋرۈكلۈك ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىغان، مەكىت خەلقى سودا - سېتىقنىڭ
دەسلەپكى شەكىللىرى بولغان تاۋار ئالماشتۇرۇش باسقۇ-
چىنمۇ بېسىپ ئۆتكەن. يىپەك يولى لىنىيەسىنىڭ مەكىتتىن
ئۆتۈشتەك ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ چاربازار، مۇقىم
تىجارەت شەكلىدىن ئىبارەت سودا - سېتىق، بازار ئا-
دەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

شەنبە بازارغا بارغاندا،
نوكچى ناۋات ئاپلىغۇ.
بارچە ئوتقا سەپ قويۇپ،
بىلمەس بولۇپ قاپلىغۇ.

ئۆزۈڭ ئۈچۈن دەمدەر ئال،
مېنىڭ ئۈچۈن كەپتەر ئال.
مەندىن ئايرىلاي دېسەڭ،
يۈرىكىمگە خەنجەر سال.

بۇ قوشاقلاردىن مەكىت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس سودا-
سېتىق ئەنئەنىسىنىڭ، تىجارەت شەكلىنىڭ بارلىقىنى ھەم
سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك
يولى قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## توقۇمىچىلىق

كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ئىنسانىنىڭ
ئەڭ مۇھىم بولغان زۆرۈر ئېھتىياجى. شۇ سەۋەبتىن ئەج-
دادلىرىمىز كىيىم-كېچەككە، كىيىنىش، ياسىنىش ئىشلىرىغا
تىرىكچىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مۇئامىلە
قىلغان. مەكىت خەلقى دەسلەپتە تېرىلەرنى كىيىم-كېچەك
ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، كېيىنچە ئۇنى پىششىقلاپ ئىش-
لەشنى ئۆگەنگەن. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كەندىر تالاسىدىن،
يۇڭ، پاختا قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل رەخت،

خۇرجۇن، تاغار، پالاس، داستىخان، كەندىر ئارغامچا، كىگىز-گىلەم قاتارلىقلارنى توقۇپ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان.

بىلىم چۈشەنچىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل رەڭ بوياقلار بىلەن بوياش، گۈل نۇسخىلىرىنى چۈشۈرۈش، ياش ئالاھىدىلىكىنى، جىنس پەرقىنى، ئېستېتىك ئېھتىياجنى چىقىش قىلغان ئاساستا كىيىم-كېچەكنىڭ رەڭگارەڭ تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. خىمىيەۋىلىك بوياق ئىشلىتىشتىن بۇرۇن يۇلغۇن چېچىكىنى قاينىتىش ئارقىلىق بۆز، ماتا، خاملارنى بوياشنى بىلگەن، چاق ئارقىلىق يىپ ئېگىرگەن. توقۇمىچىلىق سەۋىيەسىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن ھەم مۇشۇ جەرياندا توقۇمىچىلىققا ئائىت توقۇش ئەسۋابلىرى، تېخنىكىسى گۈللەنگەن ۋە خاس كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن.

چاقىم تاناپ تاشلايدۇ،
بىر بالانى باشلايدۇ.
هارامزادە قىز باللار،
يار تۇتۇپلا تاشلايدۇ.

چاقنىڭ ئوقى تېزمۇ،
چاچ سالغان بىلەن قىزمۇ.
ئاخشام ئايپاق ئايدىڭدا،
ناخشا ئوقۇغان سىزمۇ.

ئاق چەكمەنمۇ توقۇيمەن،
كۆك چەكمەنمۇ توقۇيمەن.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتسەم،
چاقىڭ قىلىدۇ غۇي-غۇي.
سەن بولساڭ قارا قۇشقاچ،
مەن بولاي قۇرغۇي.

لاچىن ئۇچار ھاۋادا،
كۆڭلەك كىيدۇق تاۋادا.
دۈشمەنلىك بولۇپ قالدۇق،
مۇڭداشمايلى تالادا.

ئاخشامدىكى ئايدىڭدىن،
تاۋاقتىكى سۇ ياخشى.
يارىم بەرگەن بەلباغدىن،
بېلىمدىكى قۇ ياخشى.

بۇ قوشاقلاردا توقۇمىچىلىققا ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن. مەكىت ئاياللىرى ئاساسەن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئائىلە ئىشلىرىدىن بوشىغان ۋاقىتتا يىپ ئېگىرىش ئارقىلىق ئائىلىنىڭ يىپ ھەم باشقا ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ. قوي يۇڭىدىن توقۇلغان ئىشتانباغ قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇيدۇ.

كەندىر تۆۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن گەپلىك.
ئۈزۈن قارا چېچى بار،
قايرىپ سۆيگىلى ئەپلىك.

ئۇيغۇرلاردا كەندىر توقۇمىچىلىقى ئەڭ ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق بولۇپ، مەكىت خەلقى بۇرۇندىن تارتىپ كەندىر تالاسىدىن پايدىلانغان ۋە كىيىم-كېچەك توقۇپ كىيگەن.

## ماقال-تەمسىللەردىن مەكىت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا نەزەر

ماقال-تەمسىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەنگەن ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرى، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردىن تارتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل پائالىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە قاتلاملىرىغىچە بولغان كەڭ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماي كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ يېقىن ھەمراھى، يېتەكچىسى، مەنىۋى مەكتىپى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى.

مەكىت خەلقى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سىرتقى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولمىغان. ئۇلار كۆپىنچە ناتۇرال ئىگىلىك شەكلىدە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى

بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جەريانىدا ئۇلار چوڭلارنى ھۆر-
مەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئەمگەك سۆيۈش،
ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەش، بىلىم ئىگىلەش، يۇرت-جا-
يىنى ئۇلۇغ بىلىشتەك ئېسىل ئەخلاقىي قاراشلارنى شەكىل-
لەندۈرگەن ھەم ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراقتا ئىگە ماقال
-تەمسىللەر بىلەن بۇ قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ تۇرمۇش مە-
زانىغا ئايلاندۇرغان.

**1. ئىلىم-مەرىپەت قاراشلىرى**

تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئىلىم ئىگىلەش،
ئىزدىنىش ۋە ئېرىشكەنلىرىنى كېيىنكىلەرگە مىراس سۈپە-
تىدە قالدۇرۇش ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن
بىرىدۇر.

«قوياش تاڭنى يورۇتار، كىتاب ئاڭنى»، «ئەقىل
بىلەن قۇدرەت تاپ، بىلىم بىلەن غەيرەت تاپ»، «دەريا
بېشى بۇلاقتىن، بىلىم بېشى قۇلاقتىن»، «مەسلىھەت
سالساڭ چوڭغا، ئىشىڭ ماڭار ئوڭغا»، «تېرىمىغان بىر
يىل پۇشايمان يەر، ئوقۇمىغان يۈز يىل» دېگەن ماقال-
تەمسىللەردە بىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى، بىلىم ئۆگەن-
گەندىلا ھەقىقىي تۈردە ئادەم بولالايدىغانلىقى، ئۆزىنى
راۋاج تاپقۇزالايدىغانلىقىدەك مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراشلى-
رى ئەكس ئەتكەن.

**2. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى سەممىيلىك، ئەمگەك سۆيۈش قاراشلىرى**

ھەقىقىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەقىل، بىلىم، ئېسىل
ئەخلاقىي پەزىلەت، ئەمگەك سۆيۈش ناھايىتى مۇھىمدۇر،
بولۇپمۇ بىر ئادەمنىڭ سەممىيلىكى، راستچىللىقى ئۇنىڭ
تۇرمۇش كەچۈرۈشىدە كەم بولسا بولمايدۇ.

«ھىيلە قىلغان تۇتۇلار، توۋا قىلغان قۇتۇلار»،
«راستچىلنىڭ ئەتۋاسى بار، يوچىنىڭ پەتۋاسى»، «جاپا
چەكمەي ھالاۋەت يوق، غايىسىزغا كامالەت يوق»،
«ئىشچان پالاكەتنى يېڭەر، ياتۇر ھالاكەتنى»، «ئوتۇن
يارغانغا بەرىكەت، كۆندە بىكاردىن نېرى كەت» دېگەن
ماقال-تەمسىللەردە يالغانچىلىق، ساختىلىق قىلماسلىق،
ئەمگەك سۆيۈش، ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەختىيار
تۇرمۇشىنى يارىتىشتەك ئېسىل ئەخلاقىي قاراشلار ئەكس
ئەتكەن.

**3. ماقال-تەمسىل ۋە مەكىت خەلقىنىڭ سەنئەت تۇرمۇشى**

مەكىت خەلقى ئەلنەغمە، ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىس،
مەشرەپكە ئامراق كېلىدۇ. بۇ يەردە يەتتە ياشتىن يەتمىش
ياشقىچە بولغان ھەممە كىشى ئەر-ئايال دېمەستىن دولان
مەشرىپىنى ئوينىيالايدۇ. ئۇلار ئەمگەك قىلىپ ھارغان ۋا-
قىتلاردا مەشرەپ ئارقىلىق ھاردۇق چىقىرىدۇ. مەنىۋى
تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ، مەشرەپ، مۇقاملار مەكىت خەلقى-
نىڭ تۇرمۇشىنىڭ جېنىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

«سازەندە كامالچىغا ئامراق، تېۋىپ ھاۋانچىغا
ئامراق»، «ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى، جېدەلنى باش-
لىغان لاپچى»، «ناخشىغا ئامراق دولان ئال، بالىغا
ئامراق جۇۋان ئال»، «خويمۇ سەنەم سالغۇم بار،
پۇتۇم قوپال قولۇم گال»، «ئۇسسۇل ناغرا بىلەن،
قېتىق زاغرا بىلەن» دېگەن ماقال-تەمسىللەردىن مەكىت
خەلقىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقىنىڭ نەقەدەر
كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ھاياتىنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىگە
قەدەر سەنئەت، ناخشا-مۇزىكىنى سىڭدۈرگەنلىكىنى
كۆرسەك، «چالالمىغان غېجەكنىڭ كۈجىسى يوغان»،
«چالالماس غېجەكتە كۆڭۈلسىز، تەلۋە ئەدەپكە كۆڭۈل-
سىز»، «نىيىتى يامان گېپىدىن بىلىنەر، ئۇستا داپچى دېپە-
دىن بىلىنەر» دېگەن ماقال-تەمسىللەردىن ساز-مۇزىكى-
نى ۋاستە قىلغان ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلارنى كۆر-
گىلى بولىدۇ.

**4. ماقال-تەمسىللەردىكى نىكاھ ۋە تۇرمۇش قارىشى**

نىكاھ ئادەم ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئەھمىيەت-
لىك بىر ئىش. شۇنداقلا ئائىلە قۇرۇش، ئۇرۇق-تۇغقان-
لار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىكلىنىشى-
دىكى، كېڭىيىشىدىكى تۈپكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلە-
رى، قائىدە-يوسۇن ئەھۋالى ۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيەسىدە بەلگىلىك دەرىجىدە پەرق بولغاچقا ھەر خىل
نىكاھ، ئەخلاق قاراشلىرى، جورا تاللاش ئۆلچەملىرى
بولغان ھەم شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى ھەر خىل زىددىيەت-
توقۇنۇشنىڭ نىكاھلىق تۇرمۇشقا بولغان تەسىرى ھەققىدە

ئۇخشىمىغان قاراشلار شەكىللەنگەن.

«ناخشىغا ئامراق دولان ئال، بالىغا ئامراق جۇۋان ئال»، «ئەقىللىق خوتۇن ئۆيى بۇزماس، زېرەك كاسىپ ئىش بۇزماس»، «ئەل بار سورۇندا ئوغلۇڭنى چۆكۈرمە، ئەر بار سورۇندا قىزىڭنى چۆكۈرمە»، «تۈتۈنى يوق ئوتۇن بولماس، ئەيىبى يوق خوتۇن بولماس»، «ياساندۇقتىن قارانچۇق ياخشى»، «سۆلەتمەن يىگىتتىن قورق، سۆرەلمە قىزدىن قورق»، «ئوتۇننى ئېقىندىن ئىزدە، خوتۇننى يېقىندىن ئىزدە».

ئادەم نۇقسانسىز بولمايدۇ. دۇنيادا مۇتلەق ئىش يوق. شۇڭا ئىشلاردا بىزنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىئىنەزىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. يۇقىرىقى ماقال-تەمسىللەردە مەكىت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس جورا تاللاش ئۆلچەملىرى، شۇنداق نىكاھ، ئائىلە قۇرۇش جەريانىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق، ئۆلچەم پرىنسىپلىرىمۇ مۇئەييەن شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئاچچىق تاتلىقتا دۈشمەن، گۇمان شادلىقتا دۈشمەن»، «مۇسىبەت كۆڭۈلنى بۇزدى، غەيۋەت ئۆيۈمنى بۇزدى»، «دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق، تاپار پايدىسى رەسۋاچىلىق»، «خوتۇن يامان بولسا ئېرىدىنى باشلار، ئېرى يامان بولسا خوتۇننى تاشلار»، «كېلىنىڭ خۇيلۇق بولسا، ئوغلۇڭدىن كۆر»، «قىلدەك سەممەيەت پىلدەك ئاتاقتىن ئەلا» دېگەن بۇ ماقاللاردە بولسا تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم يامان خۇيلۇق، ئىچى تار ئادەملەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭمۇ ئۇلاردىن بىزار ئىكەنلىكى، ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئىناق ئۆتۈش، پىتنە-ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىك، كەمچىلىك بولسا تۈزىتىش، شۇ ئارقىلىق ئىناق، بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇشىغا ئائىت ئېسىل كۆز قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ماددىي تۇرمۇش شەكلى مەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى. مەنىۋى مەدەنىيەت جەمئىيەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرسە، مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. يۇقىرىقى ماقال-تەمسىللەر مەكىت خەلقىنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئايلانغان.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە)


# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

  

# مەكت ناھيەسدكى ئستېمالدن قالغان ئەنئەنۋى كەسپلەر

**تاش توختى**

يەكەن دەرياسى بلەن تزناپ دەرياسى ئارلقدىكى
كەڭرى كەتكەن بۇ زېمىندا ياشغان مەكت خەلقى،
قاتناش شارائتى ناچار، سرت بلەن ئالاقە قلش
قولايسز بولغان تەبئي مۇھتتا ئۆزلۈكسز ئزدنش،
تەكرار-تەكرار سناق قلش، ئجاد قلش روھنى جارى
قلدۇرۇپ، دېھقانچلق ۋە ئېغل-قوتان چارۋىچلقنى
ئاساس، يايلاق چارۋىچلقى ۋە ئوۋچلق، قول ھۈنەر-
ۋەنچلكنى قوشۇمچە قلغان ناتۇرال ئگلك تۈزۈلمسـ
نى شەكللەندۈردى. بۇ جەرياندا بر قسم ئشلەپچقا-
رش قورالرنى ئۆزلرى ياساپ، بەزى ئەنئەنۋى كە-
سپلەرنى تەرەققي قلدۇرۇپ، ئۇنى تۇرمۇشتا ئشلتپ،
دۇچ كەلگەن قيىنچلقلارنى يېڭپ، بۈگۈنكى ئلم-پەن
ئۇچقاندەك تەرەققي قلۋاتقان، پەن-تېخنكا يېڭلقلا-
رى كشلەر تۇرمۇشغا ھەيران قالارلق دەرىجدە
سڭپ كرىپ، ئومۇميلاشقان دەۋرگە ئۇلاشتى.

تۆۋەندە مەن دياريمزدىكى ئلم-پەننڭ ئۇچقاند-
دەك تەرەققي قلشى، ئلم-پەن يېڭلقلرننڭ قالاق
ئشلەپچقرش قورالرى ۋە كەسپلرننڭ ئورننى ئە-
گلەش نەتجسدە ئشلەپچقرشتن قالغان بر قسم
ئەنئەنۋى كەسپلرى ئۈستدە توختلپ ئۆتمەن.

**1. سۇ تۈگمنى.** سۇ تۈگمنى خەلقمز ئارسدا
ئۇزاق تارىخقا ئگە كەسپلەرنڭ برى بولۇپ، خەلقمز
ئۆزننڭ ئەقل-پاراستگە تاينپ، سۇ كۈچدىن پايدلا-
نىپ تۈگمەن چۆرۈپ، دانلق ئاشلقلارنى يۇمشتپ ئۇن
قلش ئارقلق ئاش-تاماققا بولغان ئېھتياجنى قاندۇ-
رۇپ كەلگەن. سۇ تۈگمنى پەللسى بار (باش تەرىپى
ئېگز، ئاياغ تەرىپى پەس بولغان) ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە
ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ.

سۇ تۈگمننڭ قۇرۇلمسى: سۇ كېلدىغان ئېرىق، نو
(ئېرىقنڭ ئككى يان تەرىپنى سۇ چقپ كەتمەسلك
ئۈچۈن ياغاچتن ياسلپ ئورنتلغان نو)، تۈگمەننڭ
ئوقى (تۈگمەننڭ ئاستى-ئۈستى ئككى تېشنى ئايلاندۇ-
رىدىغان ئوق)، چاقپەلەك (تۈگمەن نوردىن چۈشكەن
سۇ چاقپلەككە ئۇرۇلدۇ، چاقپەلەك تۈگمەن ئوقنى ئاي-
لاندۇرىدۇ)، تۈگمەن تېشى (تۈگمەننڭ يۇملاق كەلگەن
ئاستى-ئۈستى ئككى تېشنى كۆرستدۇ)، ئۈسكەن
(بۇغداي، قوناق قاتارلق يرك ئاشلقنى قاچلايدىغان
شالدىن ياسالغان ئاغزى كەڭ، ئاستى تەرىپى تار كەلگەن،
پىرامىدا شەكللك ئەسۋاب)، چېقلدۇرغۇچ (تۈگمەننڭ
چېقلدۇرغۇچى بر تال بۇلۇڭ شەكللك ئەگرى ياغاچ
بولۇپ، ئۇننڭ بر ئۇچى ئۈسكەننڭ ئاغزى تەرىپگە،



بىر ئۇچى تۆگمەننىڭ ئۈستى تېشى تەرپىگە قويۇلىدۇ).

مەشغۇلات قائىدىسى ۋە تەرتىپى: تۆگمەنگە كېلىدىغان سۇ مۇقىم بولغان ئەھۋال ئاستىدا نودىن چۈشكەن سۇنىڭ چاقپەلەككە ئۇرۇلۇشى بىلەن تۆگمەن تېشىنىڭ ئوققا بېكىتىلگەن ئۈستىدىكىسى توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. چىقىلدۇرغۇچنىڭ بىر ئۇچى تۆگمەن تېشىغا باغلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەچكە تۆگمەن تېشىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئايلىنىپ چىقىلدۇرغۇچنىڭ تۆگمەن تېشى ئۈستىدىكى قىسمىمۇ تەڭ ئايلاندۇرۇپ، ئۇسكۇنىنىڭ ئاغزى تەرپىدىكى ياغاچنىڭ مىدىرلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇسكەندىن تۆگمەنگە ئاش چۈشۈش تېزلىشىدۇ. ئىككى تۆگمەن تېشىنىڭ ئاستىدىكىسىنىڭ مۇقىم تۇرۇشى، ئۈستىدىكىسىنىڭ بىر تونىنا ئېغىرلىقتىكى بېسىم بىلەن قىسىشى ۋە بىر-بىرىگە سۈركىلىپ تېز ئايلىنىشى نەتىجىسىدە بۇغداي ۋە قوناق دانچىلىرى ئېزىلىپ ئۇنغا ئايلىنىدۇ، ئېزىلگەن ئۇنلار تاشنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان ئەلگەككە قويۇلىدۇ ۋە يەنە چاقپەلەكنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئەلگەكتە تاسقىلىپ، ئۇنى بىلەن كېپىكى ئايرىلغاندىن كېيىن بازارغا سېلىنىدۇ. تۆگمەنچىلەر تۆگمەننىڭ ئارسالدى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۆگمەن تېشىنى پات-پات چېكىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت تۆگمەن تېشىنىڭ يۈزى بەك سىلىق بولۇپ كەتسە يىرىك ئاشلىقنى يۇمشىتالمايدۇ دەپ قارايدۇ.

ناھىيەمىزنىڭ يانتاق يېزىسىدىكى ئارقۇشا، غازكۆل يېزىسىنىڭ پاختىلىق، جالادۇن ئۆستىڭى، قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ لايداڭ قاتارلىق جايلىرىدا سۇ تۆگمەنلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاممىغا كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. تۆگمەنچىلەر سۇ تۆگمەننىڭ تېشىنى يېڭىسار ناھىيەسىدىن ئات، كالىغا سۆرىتىپ ئېلىپ كېلەتتى. ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى سۇ تۆگمەنلىرى 1970-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يېزا-كەنتلەردە توك تۆگمەنلەرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئىشتىن قالدى.

**2. جۇۋازچىلىق كەسپى.** جۇۋازچىلىق كەسپى خەلقمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كەسپلەرنىڭ بىرى.

جۇۋازنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى: 1) گۈندا — جۇۋازنىڭ مايلىق دان تۆكىدىغان ۋە ئۇنى يانجىپ ياغ چىقىدىغان ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى كەڭ، ئاستى تەرىپى تار، شەكلى ئىستاكانغا ئوخشايدۇ. ئۈستى قىسمىغا ئۆرۈك ياغىچىنىڭ غاللىرى ئىشلىتىلىدۇ. گۈندىنىڭ سىرتقى قىسمى (ئۆرۈك ياغىچىنىڭ شاللىرى ئىشلىتىلگەن قىسمى) سىرىق سۆگەت بادرىسى بىلەن چەمبەرلىنىدۇ. گۈندىنىڭ ئوتتۇرىسى كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇمىلاق قىلىپ ئويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا جۇۋازنىڭ ئوقى ئورنىتىلىدۇ. (جۇۋازنىڭ ئوقى ئۆرۈك، چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. 2) باچكىنا — باچكىنا گۈندىنىڭ ئاستى تەرىپى بولۇپ، گۈندىنىڭ ئاستى تەرىپىگە قاپاق قاتارلىق ياغ قاچىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قويۇش ئۈچۈن ئويۇلغان كامارنى كۆرسىتىدۇ. 3) قايچا — ئىلمەك شەكىللىك ياغاچ بولۇپ، ياغاچنىڭ بىر ئۇچى گۈندىغا، بىر ئۇچى جۇۋازغا قېتىلغان كالىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چىگىلىدۇ. جۇۋازغا قاتقان كالا جۇۋازنى ئايلىنىپ ماڭغاندا قايچىمۇ تەڭ ئايلىنىدۇ. 4 ) بويۇنتۇرۇق — بويۇنتۇرۇق جۇۋازغا قېتىلغان كالىنىڭ بوينىغا سېلىنىدۇ.

مەشغۇلات تەرتىپى: كالىنىڭ بوينىغا بويۇنتۇرۇق سېلىنىپ بويۇنتۇرۇقنىڭ ئۇچى قايچىغا مەھكەم باغلىنىدۇ، قايچىنىڭ بىر ئۇچىغا جۇۋازنىڭ ئوقى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. جۇۋاز ئوقىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر نەرسىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئوقنىڭ مايلىق داننى ئېزىپ ياغ چىقىرىشىغا قولايلىق يارىتىلىدۇ. جۇۋازغا قاتقان كالىنىڭ ئوركۈپ گۈندىنى ئۆرۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن كالىنىڭ كۆزى لاتا بىلەن تېڭىۋېتىلىدۇ. جۇۋازچى ئۇستام بىر تەرەپتىن مايلىق داننى گۈندىغا تۆكۈپ يەنە بىر تەرەپتىن كالىنى گۈندىدىن ئايلاندۇرۇپ ھەيدەيدۇ. ئوق ئۈستىگە ئارتىلغان ئېغىر نەرسىنىڭ بېسىمى بىلەن مايلىق داننى يانجىپ ماي ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئاجرالغان ماي گۈندىنىڭ بىر تەرەپىدىكى ئېرىقچىدىن ئېقىپ چىقىپ باچكىغا قويۇلىدۇ، باچكا تولۇپ ماي تەركىبىدىكى دۇغلار ئاستىغا سىڭگەندىن كېيىن قاپاققا قاچىلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. جۇۋازچىلىق مەخسۇس بىر كەسپ بولۇپ، جۇۋازنى ناباب ئۇستاملار ياساپ قۇراشتۇرالمايدۇ. جۇۋازنى ياساپ قۇراشتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان ياغاچ چىلان ياغىچى، ئۆرۈك ياغىچى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. جۇۋازنىڭ گۈندىسى ۋە گۈندا ئوتتۇرىسى ئۆلچەملىك ئويۇلمىسا جۇۋازدىن ياغ ئېلىش

تەسكە توختايدۇ. جۇۋازچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىلگىرى يېزا-كەنتلەردە بار ئىدى. كېيىنچە كىچىك تىپتىكى ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جۇۋازچىلىق كەسپى بارغانسېرى ئىشتىن توختىدى.

**3. خامباپچىلىق كەسپى.** خامباپچىلىق (توقۇمچىلىق) كەسپى مەكتەپ خەلقى ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، توقۇپ چىققان بۇيۇملىرى تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خامباپلىق توقۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە توقۇغان مەھسۇلاتلىرىغا قاراپ خامباپ، باپكا، خالۋاپ دەپ ئايرىلىدۇ. خامباپ — بوز يىپتىن ماتا (خام) ئەستە توقۇغۇچىلار. باپكا — بوز يىپتىن ماتا، چەكمەن، داكا، ئەستەر، بەلباغ، ياغلىق قاتارلىقلارنى توقۇغۇچىلار. خالۋاپ — بوز يىپتىن پالاس، تاغار، خۇرجۇن قاتارلىقلارنى توقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

خامباپلىق كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى پاختا بولۇپ، ناھىيەمىزنىڭ تۇپراق شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى كېۋەز تېرىشقا ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن ناھىيەمىزنىڭ پاختىسىدا توقۇلغان چەكمەن قاتارلىقلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. خامباپلىق كەسپىدە چىغرىق ئارقىلىق كېۋەزدىن پاختا ئايرىۋېلىنىدۇ، ئايرىۋېلىنغان پاختا دۇكاندا ئېتىلىپ، يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن پاختا ئۈچ قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

ئۈچ چاق ئارقىلىق ئېگىرىلىپ يىپقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. يىپنىڭ سۈپىتىگە قاراپ چەكەن، چوتا، باش ياغلىق، داستىخان قاتارلىقلار توقۇلىدۇ.

خامباپلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسى: دۇكان خامباپلار ئادەتتە ئۆي ئىچىگە دۇكان قۇرۇپ ئىشلەيدۇ. يەنچە (توقۇلغان رەختنى چىڭدايدىغان، ئادەمنىڭ قولى شەكلىدىكى ئۇششاق پەنجىلىك تۆمۈر)، مۇكا (يىپلارنى بىر-بىرى بىلەن زىچ كىرىشتۈرگۈچى سايمان)، زىلك (چاقتا ئېگىرىلىپ چىققان يىپلارنى يۆگەيدىغان ئۇچى ئۇچلۇق، ئوتتۇرىسى توم يۇلغۇن ياغىچى)، چاق (قول بىلەن چۆرۈپ يىپ ئېگىرىدىغان سايمان)، قولچىغرىق (قول بىلەن چۆرۈپ، كېۋەزنىڭ چىگىتى بىلەن پاختىسىنى ئايرىيدىغان سايمان)، تاپان چىغرىق (چىغرىقنىڭ پۇتىنىڭ تاپىنى بىلەن تېپىپ ئايلاندۇرۇپ، كېۋەزنىڭ چىگىتى بىلەن پاختىسىنى ئايرىيدىغان سايمان).

خامباپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بەزى ئائىلىلەر يىپنى ئۆزى تەييارلىسا، بەزى ئائىلىلەر بازاردىن تەييار يىپ سېتىۋېلىپ ئىشلىتەتتى. توقۇمچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، توقۇمچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ بازارغا سېلىنىشى، سۈپىتىنىڭ ياخشى، رەڭگىنىڭ كۆركەم، چىرايلىق بولۇشىدەك ئامىللار سەۋەبىدىن توقۇمچىلىق كەسپىمۇ تەدرىجىي ئىشتىن توختىدى.

مەشغۇلات تەرتىپى: خامباپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۆپىنچە ئۆز ئۆيلىرىدە ئايرىم دۇكان قۇرىدۇ. ئالدى بىلەن كەڭلىكى 120 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تام قوپۇرىدۇ، تامنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئىككى توم ياغاچ بېكىتىلىپ بىر تال چېتىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. يان ياغاچنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر تال ياغاچ مۇقىم قىلىپ بېكىتىلىدۇ. بۇ ياغاچقا دۇكاننىڭ ئاراش يىپلىرى تۈز قىلىپ پەسكە ساڭگىلىتىپ ئېسىلىدۇ. دۇكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا موكا ئاتىدىغان جازا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. موكىنىڭ ئىچىدە يىپ يۆگەلگەن ناچا بولۇپ موكىنى ئۇيان-بۇيان ئاتقاندا ناچىدىكى يىپ ئاراشتىكى يىپ بىلەن بىرلىشىدۇ. خامباپ ئۇستام رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندە ئاراشنى بىر كۆتۈرۈپ بىر پەسلىتىدىغان سايمان ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بۇ دىپكا دېيىلىدۇ. دىپكىنى ئىككى پۇت بىلەن ئالماشتۇرۇپ دەسسىگەندە ئاراش بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيدۇ. موكىنىڭ ئۇيان-بۇيانغا ئېتىلىشىغا ئەگىشىپ ئاراشتىكى يىپ بىلەن ناچىدىكى يىپ گىرەلىشىپ خام توقۇلىدۇ، توقۇلۇپ بولغان خام پەنجە بىلەن چىڭدىلىپ خام بولۇپ چىقىدۇ. خام توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تاش سۇرگە بىلەن چىڭدىلىپ تېخىمۇ پۇختىلىنىدۇ.

**4. بوياقچىلىق كەسپى.** بوياقچىلىق كەسپى ئاساسەن خامباپلار ئېلىپ كەلگەن تەييار توقۇلماماللار، شۇنىڭدەك يىپ قاتارلىقلارنى قارا، سىماۋى رەڭدە بوياپ بېرىش، ئاق توقۇلما سىيدام رەختلەرگە گۈل بېسىپ بېرىش ئاساس قىلىنغان كەسىپتىن ئىبارەت.

بوياقچىلىق كەسپىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى: دۇكان (بوياقچىلىق قىلىدىغان ئۆي)، قازان (سۇ ئىسسىتىدىغان قازان)، كۆپ (بويىلىدىغان رەختلەرنى ھەر خىل رەڭدە چىلايدىغان كۆپ)، خادا جوپ (بويالغان يىپ، گۈل باسقان رەختلەرنى ئېسىپ قۇرۇتىدىغان جازا) قاتارلىقلاردىن

ئىبارەت.

گۈل بېسىلغان رەختلەر رەڭگى ۋە گۈل نۇسخىسىغا قاراپ تۆۋەندىكىلەرگە بۆلۈنىدۇ. شاتىۋا (چىت)، شەتلەڭگە (كاتەكچە گۈللۈك رەخت)، سەگەز (گۈللۈك بوز رەخت)، زەدىۋال (ئۈزىنلىك تېمىغا تۇتۇلىدىغان گۈللۈك رەخت بولۇپ، ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر دېگەندەك تامغا زەدىۋال تۇتاتتى)، داستىخان (گۈللۈك داستىخان)، ياغلىق (ئاياللارنىڭ گۈل باسقان باش ياغلىقى قاتارلىقلار).

مەشغۇلات تەرتىپى: بوياقچىلىق كەسپىنىڭ ئىش تەرتىپى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى، ئېگىرىلگەن يىپنى قارا ياكى سىماۋى رەڭ بىلەن بىۋاستە بوياش، بۇنىڭدا بويىلىدىغان يىپلار قايىنىتىپ تەييارلانغان بۇ رەڭ سۇيۇقلۇقىغا چىلىنىپ سىقىۋېتىلگەندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇلۇپ ئاندىن ماتا ياكى چەكمەن توقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچى بىر خىلدا توقۇپ تەييارلانغان ئاق رەڭدىكى تام ياكى ماتا ئاۋۋال قازاندىكى تەييارلانغان رەڭ سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ بويالغاندىن ياكى جىلىپ بىلەن گۈل بېسىلغاندىن كېيىن داۋا (قۇرۇتۇلغان يۇلغۇن چېچىكى) ۋە شاخار ئارىلاشتۇرۇلغان قازاننىڭ چۆرىسىگە يۆگەپ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقنى قايىنىتىپ بويالغان ياكى گۈل بېسىلغان خام ھورلاندۇرۇلىدۇ، خام ھورنى ئۆزىگە يېتەرلىك سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇلۇپ تاش سۇرگە بىلەن سۇرۇپ چىڭداپ پارقىرىتىلىدۇ، بۇنداق رەختلەر سىپتا، سۈپەتلىك چىققانلىقى ئۈچۈن كىيىم تىكىش، زەدىۋال قاتارلىقلارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**5. كۇلالچىلىق كەسپى.** كۇلالچىلىق (ساپال بۇيۇملارنى ياساش) كەسپى ئاساسەن سېغىز لايىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق كۈپ، ئۆرىق، كوزا، ھېجىرقاچا، جاكا، چوڭ-كىچىك گۈل تەشتىكى قاتارلىقلارنى ياساپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ناھىيەمىزدە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

كۇلالچىلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسى: خۇمدان (سېغىز لايدىن شەكىل كەلتۈرۈلۈپ ياسالغان كۈپ، ئۆرىق قاتارلىقلارنى پىشۇرىدىغان خۇمداننى كۆرسىتىدۇ)، شەكىل كەلتۈرۈش چىغىرىقى (چىغىرىقنى پۇتىدا تېپىپ تۇرۇپ، سېغىز لايدىن ياسىلىدىغان نەرسىلەرنى شەكىللىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان چىغىرىق)، قوغۇشۇن (ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملارغا رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىدىغان قوغۇشۇننى كۆرسىتىدۇ)، ھەر خىل سىرلار (ساپال بۇيۇملارغا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل سىرلار).

مەشغۇلات تەرتىپى: ساپال بۇيۇملار ئالدى بىلەن سېغىز لايدىن ياسىلىپ شەكىل كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ. سىرلىنىپ ئاندىن خۇمداندا پىشۇرۇلىدۇ، تەييار بولغان ساپال بۇيۇملار بازارغا سېلىنىدۇ.

ناھىيەمىزدە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن يانتاق يېزا جەرەندۆك كەنتىدىن ئىبراھىمئاخۇن، بالىسى ئاۋۇت ئىبراھىم، ھاڭگىتلىق يېزا قاشبۇيا كەنتىدىن ھوشۇرئاخۇن ئۇستاملار بار بولۇپ، بۇ كەسىپ بىلەن ئاخىرىدا شۇغۇللانغۇچى ئاۋۇت ئىبراھىم 2007-يىلى قازا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كەسىپ ئىشتىن توختىدى.

**6. كۆنچىلىك كەسپى.** مەكىت خەلقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە چارۋا ماللارنى بېقىش، كۆپەيتىش بىلەن بىللە چارۋا ماللارنىڭ تېرە، يۇڭلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار چارۋا ماللارنىڭ تېرە-يۇڭلىرىدىن پايدىلىنىپ سوغۇقتىن مۇداپىئەلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كالا، ئات، قوي، ئۆچكە تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆن، چەم، بىشو ئىشلەپ ئۆز تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەلگەن. كۆنچىلىك كەسپىدە كالا تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆن، ئات تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق چەم، قوي، ئۆچكە تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق بىشو ئىشلىنىدۇ.

كۆنچىلىك كەسپىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى: ئۇلاق، ئوچاق، داس رەندە، تاش سۇرگۇ، قاراگۈل سۈيى ۋە رەڭ

مەشغۇلات تەرتىپى: ئالدى بىلەن ئۇلاققا سۇ قاچىلىنىدۇ. سۇغا تۇز، ئۇن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلاقتىكى ئارىلاشما سۇنىڭ تېرىنىڭ تۈكى ۋە تېرىدىكى قالدۇق گۆش پارچىلىرىنى تازىلاش رولى بولغاچقا ئات، كالا، قوي، ئۆچكە تېرىلىرى ئۇلاققا بىر نەچچە كۈن چىلىنىدۇ. ئاندىن تېرىنىڭ چالا قالغان تۈكلىرىنى، گۆش قالدۇقلىرى داس رەندە بىلەن قىرىلىپ پاكىز تازىلانغاندىن كېيىن

قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇشتا ئوچاققا ئوت يېقىپ، قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن تېرىنى ئوچاققا يېقىن تۇتۇپ قۇرۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن تېرىنىڭ يۈزى تاش سۈرگۈ بىلەن سىلىقلىنىدۇ. سىلىقلاپ بولغاندىن كېيىن كۆن قىلىپ تەييارلانغان تېرە يۈزىگە ئالدى بىلەن قاراگۈل سۈيى بېرىلىدۇ. چەم قىلىپ تەييارلانغان تېرە يۈزىگە سۈس قىزىل رەڭ سۈيى بېرىلىدۇ. تېرە يۈزىگە سۈرتۈلگەن رەڭ تولۇق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن تېرە يۈزىنى تاش سۈرگە بىلەن يەنە بىر قېتىم سىلىقلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆنچى ئۇستىلار تەييارلىغان كۆن ئۆتۈكنىڭ، بەتىنكىنىڭ باش ۋە قونچى قىسمىغا، چەم ئاستى تەرىپى ۋە ئاپقۇتىغا بىشو ئۆتۈك بەتىنكىنىڭ ئىچىگە ئەستەر ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. كۆن، چەم، بىشو موزدۇزلۇق كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناھىيەمىزدە كۆنچىلىك كەسپىدە پىشقان ماھىر ئۇستىلاردىن توختى ئېزىز، سېيىت تۆمۈر، غوپۇر ئاخۇن ئۇستىلار تەييارلىغان كۆن، چەم، بىشو موزدۇزلار تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ماللار ئىدى.

**6. پىيما (دەپسە) ياساش كەسپى.** پىيما قىش كۈنلىرى كىيىدىغان بىر خىل ئاياغ كىيىمى بولۇپ، ئۇنىڭ پۇتنى ئىسسىق ساقلاشتىن باشقا رېماتىزىم، پۇت-تىز ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىش رولى بار.

پىيما ياساش كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى: قوي يۇڭى ۋە قوي يۇڭىغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان ئازراق كۆنجۈرىدىن ئىبارەت. ناھىيەمىزدە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايتتى.

پىيما ياساش كەسپىنىڭ ئاساسىي قورالى ۋە ماتېرىيالى:

دۇكان — پىيما ياساش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئۆي. مۇشتاق — يۇڭ ئېتىشقا ئىشلىتىدىغان سايمان. رىزەندە — مۇشتاقتا ئېتىلغان قوي يۇڭىنى تەكشىلەشتە ئىشلىتىدىغان سايمان بولۇپ، قولنىڭ پەنجىسىگە ئوخشايدۇ، تال يۇلغۇن چىۋىقنى بىر-بىرىگە چېتىپ ياسىلىدۇ. غىپچا — يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان سايمان بولۇپ، ئاساسلىقى چىغقا بېسىلغان قوي يۇڭىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەم ساۋىداشقا ئىشلىتىدىغان سايمان. چىغ — قوي يۇڭىنى تەكشى يېيىپ يۇملىتىشقا ئىشلىتىدىغان بىر-بىرىگە ھىم قىلىپ باغلانغان چىغ بولۇپ، قوي يۇڭى چىغقا يېيىلىپ، دۇملىتىش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ. پىيما قېپى — مەخسۇس پىيما ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان قېلىپ بولۇپ، شەكلى ئۆتۈك قېلىپىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەشغۇلات تەرتىپى: دۇكان ئىچىدە مۇشتاقتا ئېتىلغان قوي يۇڭى يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن تەكشى قىلىنىپ چىغقا يېيىلىدۇ. يېيىلغان قوي يۇڭى غىپچا ئارقىلىق تەكشىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەكشىلەنگەن يۇڭنىڭ ئۈستىگە قول كۆيمىگۈدەك دەرىجىدە ئىسسىق سۇ پۈركۈپ، ئازراق كۆنجۈرە سېپىلىدۇ. چىغقا تەكشى يېيىتىلغان يۇڭنى دوملىتىپ پىشۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قايتا-قايتا دوملىتىش ئارقىلىق قوي يۇڭى بىر-بىرىگە چىڭ يېپىشىپ قاتتىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. قاتتىق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن پىشقان قوي يۇڭى پىيمىنىڭ باش تەرەپ قېلىپىغا كىيدۈرۈلۈپ، بۇرجەكلىرىنى ھىملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. پىيما بۇرجەكلىرىنى تەكرار ھىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پىيما قونچى قىسمى شاڭ كىيدۈرۈلۈپ، باش قىسمى بىلەن قونچى قىسمى ھىملاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن پىيمىنىڭ باش قىسىم قېلىپى ۋە قونچى قىسمىدىكى شاڭ ئېلىۋېتىلىدۇ. پىيمىنىڭ چەك باسمىغان قىسمى سىلىق تاشلارنى تەكرار سۈرتۈش ئارقىلىق يىملاشتۇرۇلىدۇ. پىيما پۈتتۈپ ئىۋەن يوق دەپ قارالسا بازارغا سېلىنىدۇ. ناھىيەمىزدە پىيما ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئۇستام ھازىرمۇ ھايات، گەرچە پىيما خەلقىمىز ئىستېمالىدىن قالغان بولسىمۇ ئۇ پىيما ياساش كەسپىدە ئىشلىتىدىغان سايمانلارنى تولۇقى بىلەن ساقلاپ كەلمەكتە.

**7. مىسكەرلىك كەسپى.** مىسكەرلىك كەسپىنىڭ ناھىيەمىزدە تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولۇپ، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مىستىن مىس لېگەن، مىس چۆگۈن، مىس پەتنۇس، مىس قازان، مىس چەينەك ياساپ ئاممىنىڭ مىستىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەنىدى.

مىسكەرلىك كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى مىس.

مىسكەرلىك كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسى: ئوچاق — مىس بۇيۇملارنى قىزىتىپ تاۋلايدىغان ئوچاق، كۆرەك — ئوچاقنىڭ ئوتنى يالقۇنلىتىشقا ئىشلىتىدىغان سايمان. قولدا

ياسىغان، سەندەل — مىس بۇيۇملار قىزىتىلىپ، سەندەلدە قويۇلۇپ بولقا بىلەن ئۇرۇپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. سەندەلنىڭ ئۈستى كەڭ، ئاستى تار بولغان تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. بولقا — مىس بۇيۇملارنى سەندەلدە قويۇپ سوقىدىغان سايمان. ئازادلىقتىن كېيىن ئېچكىرىدىن مىس بۇيۇملارنىڭ زامانىۋى ئۇسۇلدا كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سۈپىتىنىڭ ياخشى، كۆركەم چىرايلىق بولۇشى بىلەن يەرلىك مىسكەرلەر سوققان مىس بۇيۇملارنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ ئىشتىن توختىدى.

مەشغۇلات قائىدىسى ۋە تەرتىپى: ئالدىن تەييارلانغان مىس ماتېرىيالى (ئاساسەن كونىرىغان، بۇزۇلغان مىس بۇيۇملار) ئوچاقتا ئېرىتىلىپ بولقا بىلەن سوقۇلۇپ ھەرخىل قېلىنلىقتىكى مىس تاختايلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئېھتىياجغا ئاساسەن شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ قازان، چۆمۈچ، كاپكىر، چۈگۈن، چەينەك، ئاپتۇۋا، چىلاپچا، لوڭقا قاتارلىق ئائىلە سايمانلىرى ياسىلىدۇ. بۇ سايمانلارنىڭ جوغا، تۇتقۇچ، چەيچەك قاتارلىق قىسىملىرى تۇچ بىلەن كەپشەرلەش ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

**8. چىنە قاداق كەسپى.** فارفۇر بۇيۇملار قىس بولغان مەزگىلدە ئاتا-بوۋىلىرىمىز سۇنۇپ كەتكەن چىنە، تەخسە قاتارلىق ئۆي سايمانلىرىنى چىنە قاداقچىلارغا قادىتىپ تەكرار ئىشلەتكەنتى.

چىنە قاداق كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى ئالماس، چىنە قاداقچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئالماسنىڭ ئۈچ تەرىپى ئۇچلۇق بولۇپ، ئۇ ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ياغاچقا ھەم قىلىپ بېكىتىلىدۇ. ئالماس بېكىتىلگەن ياغاچقا كامالچىنىڭ يىپى ئوڭ يۆگىلىدۇ. قاداقچى ئۇستام سۇنغان چىنىنىڭ تۆشۈك ئاچىدىغان جايىغا ئازراق ياغ سۈركەپ، ئالماس بېكىتىلگەن كامالچىنى ئوڭ-تەتۈر ئايلاندۇرىدۇ. ئايلاندۇرۇش تېز بولغانسېرى ئالماس تۆشۈك تېشىلىدىغان ئورۇنغا ئېچكىرىلەپ كىرىدۇ. سۇنغان چىنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر ياكى بىر قانچە ئورۇن تېشىلىدۇ. تېشىلگەن ئورۇنغا دەپتەر تىكىش ماشىنىسىنىڭ مىخىغا ئوخشاش مىس مىخ قېقىلىدۇ ۋە يەڭگىل چېكىلىدۇ. زامانىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن فارفۇر بۇيۇملارنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى، كىشىلەرنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىش بىلەن كىشىلەر چېقىلغان چىنە-قاچىلارنى تاشلىۋېتىپ يېڭىدىن سېتىۋالىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن چىنە قاداقچىلىق كەسپىمۇ بارا-بارا ئەمەلدىن قالدى.

**9. سوپۇنچىلىق كەسپى.** سوپۇن ھەر بىر ئائىلىنىڭ تازىلىق ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، مەكىت ناھىيەسىدىكى كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىدا ۋە ئائىلىسىنىڭ تازىلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋە ئىشلەتكەن.

سوپۇنچىلىق كەسپىنىڭ خام ئەشياسى: ئاساسلىقى ئات، كالىنىڭ ئىچ يېغى ۋە جۇۋازنىڭ باچكىنىسىغا يىغىلىپ قالغان سۇ يېغىنىڭ قالدۇقى، تۇزدىن ئىبارەت.

مەشغۇلات قائىدىسى ۋە تەرتىپى: ھايۋانات مايلىرى ۋە سۇ يېغىنىڭ قالدۇق قىسمى قازانغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا شاخار يەنى تۇز سۈيى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. (شاخار بىلەن تۇز سۈيىنىڭ مايىنى ئېرىتىش رولى بار). قازانغا ئوت يېقىلىپ، قازاندىكى ماي ئېرىپ، سۇيۇق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قازاندىكى سۇيۇق ماي ئېرىتمىسى كىچىك-كىچىك سوپۇن قېلىپىغا قويۇلۇپ، ماي ئېرىتمىسى قاتقانغا قەدەر سوپۇن قېلىپىدا تۇرىدۇ. قۇرۇتۇلغان يۇملاق ھالەتتىكى سوپۇنلار بازارغا سېلىنىدۇ. ناھىيەمىزدە قاسىمكام قاتارلىق نەچچە كىشى سوپۇنچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. ئەتىر سوپۇن ۋە خالتىلىق سوپۇن پاراشوكلىرىنىڭ كۆپلەپ بازارغا سېلىنىشى نەتىجىسىدە سوپۇنچىلىق كەسپى ئىشتىن قالدى.

**10. تارغاق-سۈزگۈچ ياساش كەسپى.** تارغاق-سۈزگۈچ مەكىتتىكى قىز-چوكانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇم بولۇپ، تارغاق-سۈزگۈچ ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سەندەل ياغىچى، چىلان ياغىچى، ئۆرۈك ياغىچىنى خام ئەشيا قىلىدۇ.

مەشغۇلات تەرتىپى: ئالدى بىلەن سەندەل ياغىچى، چىلان ياغىچى، ئۆرۈك ياغىچى ھەرىدىلىنىپ، پارچە-پارچە تىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. تىلىنىپ بولغان پارچە-پارچە شاللار قىرىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاخىرىدا تارغاق-سۈزگۈچنىڭ چىشى چىقىرىلىدۇ. كېيىن سىلىقلاش ئارقىلىق تەييار ھالەتتىكى تارغاق-سۈزگۈچ پۈتتۈرۈلۈپ سىرلىنىپ بازارغا سېلىنىدۇ. كاۋچۇكتىن ياسالغان تارغاقلارنىڭ بازارنى كۆپلەپ ئىگىلىشى بىلەن تارغاق-سۈزگۈچ ياساش كەسپى 80-يىللارنىڭ ئاخىرى ئىشتىن توختىدى.

**11. قولپاسازلىق كەسپى.** قولپا ئائىلىلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، ناھىيەمىزدە ئىلگىرى كىشىلەر كۆپىنچە پەرىلىك قولپا ۋە يۇمىلاق قولپا ئىشلىتەتتى. قولپاسازلىق كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى تۆمۈر بولۇپ، قولپاسازلىق مەيلى پەرىلىك قولپا، يۇمىلاق قولپا ياسىمىسۇن ئۇنىڭغا بىر تال ئاچقۇچ قوشۇپ ياسايتتى. قولۇپنى كۆپ ھاللاردا مەخسۇس قولپاسازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر ياسايتتى، بازاردا تۈرى كۆپ، چىرايلىق قۇلۇپلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن قولپاسازلىق كەسپى ئەمەلدىن قالدى.

**12. يىپ ئېگىرىش كەسپى.** يىپ ئېگىرىش كەسپى خامباپلارنى تەييار يىپ بىلەن تەمىنلەيدىغان كەسىپ بولۇپ، خامباپلار كۆپىنچە بازاردىن تەييار يىپ سېتىۋېلىپ چەكمەن، ماتا، خام، ياغلىق توقۇيدۇ.

يىپ ئېگىرىش كەسپىنىڭ ئاساسىي خام ئەشياسى پاختا بولۇپ، يىپ ئېگىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپى ئاياللارنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەشغۇلات تەرتىپى: پاختا ئېتىلىپ يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇچ قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇچ قىلىپ تەييارلانغان پاختا چاق ئارقىلىق يىپقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ قۇرۇلمىسى قولاق (چاقنى چۆرگىلەندە قولى بىلەن تۇتىدىغان قولاق)، ئوق (قولاقنى تۇتۇپ چاقنى ئايلاندۇرغاندا ئوقمۇ تەڭ ئايلىنىدۇ)، چاق قانىتى (چاق قانىتى نېپىز سالدىن ياسالغان بولۇپ، ئوق ئايلانغانسېرى چاق قانىتىمۇ تەڭ ئايلىنىدۇ)، تاناپ (ئوق بىلەن يىككە بېكىتىلگەن يىپ).

يىپ ئېگىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەييارلىغان يىپنىڭ سۈپىتىگە قاراپ چەكمەن، ماتا، خام، خۇرجۇن، تاغار قاتارلىقلارنى توقۇلىدۇ. توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ئىشتىن توختىتىشى ۋە تەييار يىپلارنىڭ كۆپلەپ بازارغا سېلىنىشى بىلەن يىپ ئېگىرىش كەسپىمۇ ئىشتىن قالدى.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيونېرى)

## سۇندۇك نېمە ئۈچۈن پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ئۇخلايدۇ؟

قەدىمكى زاماندا ئۇچار قۇشلار دۇنياسىدا سۇندۇك ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە چېۋەر ھېسابلايدىكەن. شۇڭا باشقا ئۇچار قاناتلار ئارىسىدا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمەيدىكەن. ئۇچار قاناتلار سۇندۇكنى بىر سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققان بىر كۈنى توپلىشىپ سۇندۇكنى ئورنىۋاپتۇ.

— سۇندۇك بېگىم، ھازىر ئاسمان يېرىلىپ كېتىپتۇ، پات يېقىندا ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسە ھەممىمىز تۈگىشىمىز. ئۆزلىرى كۈچلۈك ۋە چېۋەر بولغاندىكىن، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. سۇندۇك «راست ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپتۇ. لېكىن قورققىنىنى قىلچە چاندۇرماي:

— ئەخمەق ئىكەنسىلەر، غوجا ئاكاڭلار تۇرغان يەردە ئاسمان بىزنى باسالمايدۇ. مەن ئاسماننى ئىككى پۇتۇم يۆلىيالمەن، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا ھاۋا ناھايىتى قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپتۇ. ئۇچار قاناتلار سۇندۇكقا:

— قېنى سۇندۇك غوجام، ئەنە ئاسمان ئۆرۈلۈۋاتىدۇ. چاپسان يۆلىۋالسىلا، — دەپتۇ.

سۇندۇك ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ يېتىپتۇ، قالغان ئۇچار قاناتلار كېتىپ قاپتۇ. ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى توختاپ ئەتراپ سۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇچار قاناتلار كېلىپ قارىسا، سۇندۇك ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا تىكلەپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئۇچار قاناتلار قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇندۇك چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپىتىكىلەرگە:

— ئاسماننى يۆلىۋالغىنىمغا خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتامسىلەر؟ مەن يۆلىۋالمىغان بولسام ئاسمان ھەممىڭلارنى بېسىپ كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتەتتى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قۇشلار تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئەل ئارىسىدا «ئاسمان ئۆرۈلۈۋاتسا، سۇندۇكتەك پۇتۇڭنى ئاسمانغا قىلىپ ياتامسەن» دېگەن تەمسىل تارقىلىپتۇ.

(جۇڭگو چۆچەكلەر توپلىمى شىنجاڭ تومى «مەكىت قىسمى» دىن ئېلىندى)

2017.5



# مەكىت خەلقىنىڭ ئوۋچىلىق ئادىتى

ئېلى ئېقىل

ئوۋچىلىق ئىنسانلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىگە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي تۇرمۇش
شەكلى بولۇپ، جۈملىدىن مەكىت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ، مەۋجۇتلۇقىنى
ساقلاش ئۈچۈن، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى قۇم بىلەن
بوستانلىق كېسىشكەن ئۇزاقتىن- ئۇزاققا سوزۇلغان چۆللەردە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

مەكىت خەلقى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋەكلىرىنى چۆرىدەپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يەكەن نا-
ھىيەسىنىڭ مەكىتكە يېقىن يېزا- كەنتلىرىدىن باشلىنىپ،
تاكى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيەسىدىكى غورۇچۆلگە تۇتىشىدىغان بۇ كەڭرى زېمىن دولانلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى
بولۇپ كەلگەن. گەرچە باشقا مىللەت، باشقا قوۋم كىشىلىرىگە ئوخشاش، دولانلارمۇ ئىجتىمائىي هايات دولقۇنلىرىدا باشقا جايلارغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋاللار بولغاچقا، بايىنغولىن، غۇلجا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى
دۆلەتلەردە دولان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دولان مەھەللىلىرى پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوۋچىلىقنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن دولان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى يەنىلا تەكلىماكان بويلىرىدىكى قۇم بىلەن بوستانلىق
كېسىشكەن خىسلەتلىك زېمىندا رويابقا چىققان.

تەكلىماكان قۇملۇقى دۇنياغا مەشھۇر 2- چوڭ
قۇملۇق بولۇپ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىن ئادەم ئولتۇراقلاشقان جايلارغىچە بولغان نەچچە ئون كىلومېتىر ئارىلىقتا،
يۇلغۇن، توغراق، سۆكسۆك، قومۇش، قامغاق... قاتارلىق
ھەر خىل تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولغاچقا، ياۋا
تۆگە، توڭگۇز، كېيىك، تۈلكە، توشقان، قىرغاۋۇل... قاتارلىق ھايۋانلار بۇ جايلاردا ياشاپ ئاۋۇغان.

مەكىت خەلقى دەل- دەرەخ، باغۋاراڭ ئەھيا قىلىشقا
ھېرىسمەن خەلق بولۇپ، قۇم ۋە بوراندىن ساقلىنىش
ئۈچۈن ئېكىن يەرلەرنىڭ ئەتراپىغا توغراق، تېرەك،
سۆگەت قاتارلىق ئىھاتە ئورمانلىرىنى سالسا، ئۆي- مەھەللە ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ سېلىپ، باغ
ئەھيا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن يېشىللىق

دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلار يارىتىلغان. ئەنە شۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا مەكىت خەلقى كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، شۇنداقلا مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئوۋچىلىق ئادەتلىرىنى يېتىشتۈرگەن.

ئوۋ ئوۋلاشتا گەرچە ئوۋچى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ھەرقانچە ماھىر ئوۋچىمۇ قۇرۇق قول ئوۋ ئوۋلىيالمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئوۋچى ئۈچۈن ئوۋ قوراللىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مەكىت خەلقىمۇ ئوۋ مىلتىقى، ئوقيا، نەيزە، ساچقاق، چوماق، قاپقان، تۇزاق، قىلتاق، قىسماق، تور، چەتمەك، لەخمە، باسماق قاتارلىق ئوۋ قوراللىرىنى ئىشلەتكەندىن باشقا، بۈركۈت، قارچىغا، ئوۋ ئىتى قاتارلىقلارنىمۇ كۆندۈرۈپ ئوۋغا سالغان.

مىلتىق بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغانلار مەكىت خەلقى ئارىسىدا «پاۋان» دەپ ئاتىلىدۇ. پاۋانلار ئاتلىق ياكى پىيادە ئوۋغا چىقىپ نىشانىنى بايقىغاندىن كېيىن، خۇددى شىر-يولۋاسلارغا ئوخشاش چاتقاللار ئارىسىدا يوشۇرۇن ئۆمىلەپ مېڭىپ، نىشانغا تۇيدۇرماي يېقىنلىشىدۇ. ئاندىن مىلتىقنىڭ ياغاچ پۇتىنى يەرگە دەسسىتىپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆڭۈل قويۇپ قارىغا ئالىدۇ. ناۋادا بىر پاي ئوق بىلەن نىشانىنى يىقىتالمىسا، ئۈركۈپ كەتكەن ھايۋانلارنى بىر نەچچە كۈن ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئوۋچىلىق پاۋانلاردىن يۇقىرى ماھارەتلىك مەرگەنلەردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە دۇنيا 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قوغداش بىلەن مىلتىق كۆتۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلىدىغانلار قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە، ئاۋۇت پاۋان قاتارلىق ئونغا يېقىن داڭلىق پاۋان بولغان ۋە ئۇلار ئوۋكا، ئىسلىق، خېنىيا، قازان چۆل، قاراڭغۇ توغراق قاتارلىق تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يۇرت ۋە جاڭگاللاردا ئوۋچىلىق قىلغان.

ئوقيا ۋە نەيزە گەرچە دولانلارغا خاس ئوۋ قوراللىرى بولمىسىمۇ، 1980-يىللاردا مەكىت ناھىيەسىنىڭ غازكۆل يېزا تەۋەسىدىكى جاڭگاللىقتىن تېپىلغان ئوقدان ۋە ئۇنىڭدىكى ئوقيا بىلەن بىللە قويۇلغان قوش تۇمشۇقى ئەينى زاماندا ئوۋچىلىقتا ئوقيا ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. نەيزە مەكىت خەلقىنىڭ ياۋا توڭگۇز ئوۋلايدىغان قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى يىللاردا ياۋا توڭگۇزلار كۆپىيىپ زىرائەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا، بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە ئوۋچى بىرلىكتە نەيزە كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ياردىمىدە ياۋا توڭگۇزلارنى ئوۋلايدىغان ئادەتلەر بولغان.

ساچقاق — مەخسۇس بېلىق تۇتىدىغان ئوۋ قورالى بولۇپ، گەرچە ھازىر بۇ خىل قورالنى ئىشلىتىدىغانلار بولمىسىمۇ، لېكىن مەكىت ناھىيەسىنىڭ تۇمەنتال يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ھازىرمۇ «ساچقاق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقىنىدىن قارىغاندا، بېلىق ۋە باشقا سۇ مەھسۇلاتلىرى مول بولغان ئەينى زاماندا بۇ خىل قورال كەڭ ئىشلىتىلگەن، پىشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ساچقاق نەيزىگە ئوخشاش ئۇچلۇق، ئەمما ئۇچىنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك ئىلمىكى بار ئۆتكۈر ئوۋ قورالى بولۇپ، ماھىر بېلىق ئوۋلىغۇچىلار كىچىك قولۋاقلارنى تېز ھەيدەپ يۈرۈپ دەريا-كۆللەردە ساچقاق بىلەن بېلىق تۇتقان. بېلىق ئوۋچىلىقى ئۆزىگە خاس يەنە بىر ئوۋ تۈرى بولۇپ، ساچقاق بىلەن سانجىپ بېلىق ئوۋلاشتىن باشقا يەنە، تور ۋە قارماق تاشلاش، قىشتا كاچكۇلغا چىراغ يېقىش، يازدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ بېلىقلارنى ئالداپ تۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئوتقاش ياساپ بېلىقلارنى ئالداپ تۇتۇش بىر خىل ئۆزگىچە ئادەت بولۇپ، ياز ئايلىرىدىكى تۈن قاراڭغۇسى بولغان كېچىلەردە بىر ئادەم ئىككى قولىدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ سۇدا ماڭىدۇ. بىر نەچچە ئادەم ساچقاق ياكى ئۇچلانغان يۇلغۇن ياغاچلىرىنى تەخلەپ، ئوتقاش كۆتۈرگەن ئادەمگە ئەگىشىدۇ، بېلىقلار ئوتقاشقا قىزىقىپ سۇ يۈزىگە چىققان ھامان سانجىپ تۇتۇلىدۇ.

قاپقان ۋە تۇزاق — جەرەن قاتارلىق چوڭراق ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئۈچۈن ياسالغان ئوۋ قوراللىرى بولۇپ، ئاۋۋال شۇ خىل ھايۋاننىڭ دائىم ماڭىدىغان چىغىر يوللىرى ئېنىقلىنىدۇ. ئاندىن شۇ چىغىر يولنىڭ ئەپلىك جايىغا قاپقان ياكى تۇزاق قۇرۇلۇپ، ئۈستى ئەخلەت-چاۋار بىلەن بايقالمىغۇدەك يېپىلىپ، قاپقان ياكى تۇزاقنىڭ زەنجىرى دەرەخكە، دەرەخ بولمىسا قوزۇق قېقىلىپ، ئاشۇ قوزۇققا باغلاپ قويۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق قاپقانغا چۈشكەن ئوۋنىڭ

قاپقاننى سۆرەپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.
چوماق — يىلتىزى بار يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسىلىد-
ىغان بېشى چوڭ، دەستىسى ئەپلىك ئاددىي ئوۋ قورالى
بولۇپ، ئاساسەن توشقان ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. قىش
كۈنلىرىدىكى ئارىسالدى ۋاقىتلاردا كولليېكتىپ ئوۋغا چىق-
قاندا، ئوۋچىلار مۇۋاپىق ئارىلىق تاشلاپ، سۈر-ھەيۋە
بىلەن ئوۋنى ئۇۋىسىدىن چىقىپ قېچىشقا مەجبۇرلايدۇ ۋە
قورشايدۇ. بۇ چاغدا ئۇۋىسىدىن چىقىپ قاچقان توشقانلار
چوماق بىلەن سوقۇپ ئوۋلانسا، تۈلكىلەر قۇش ئارق-
ىلىق، قىرغاۋۇللار قارچىغا ئارقىلىق ئوۋلىنىدۇ.
قىلتاق، قىسماق، تور، چەتمەك، باسماق، لەخمە قا-
تارلىقلار ئاساسەن قارچىغا، قىرغاۋۇل، كەپتەر، قۇشقاچ
قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئوۋ قوراللىرى
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن قىلتاق بىلەن قىسماق مەخسۇس
كەپتەر تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، تور قارچىغا، توشقان
ۋە جەرەن باللىرىنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تور بىلەن قار-
چىغا تۇتۇشتا، قارچىغا كۆرگىدەك بىر جايغا تور قۇرۇ-
لۇپ، ئىچىگە تىرىك كەپتەر باغلاپ قويۇلىدۇ. قارچىغا
كەپتەرنى كۆرگەندىن كېيىن، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەپ-
تەرگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ-دە، تورغا ئىلىنىشىپ قالىدۇ. بۇ
چاغدا تور ئىگىسى ئاسانلا قارچىغىنى تۇتىۋالىدۇ. تور
بىلەن توشقان ياكى جەرەن باللىرىنى تۇتۇش، قۇش،
قارچىغا بىلەن ئوۋچىلىق قىلىش بارا-بارا ئازىيىپ كەتكەن-
دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇسۇل بولۇپ، بۇ ئۇ-
سۇلنى قوللىنىشتا ئوۋچىلار ئاۋۋال توشقان ياكى جەرەن
باللىرىنىڭ ئۇۋىسى، دائىم ماڭىدىغان چىغىر يولنى
پىششىق بىلىۋالغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق بىر يەرنى تاللاپ
تورنى قۇرىدۇ. ئاندىن بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە
ئادەم ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئوۋنى ئۈركۈتۈپ تور
تەرەپكە ھەيدەيدۇ، ئۈركۈپ كەتكەن ئوۋلار ئۆزلىرىگە
تونۇش بولغان چىغىر يول ئارقىلىق قېچىپ ماڭغاندا
تورغا ئىلىنىپ يىقىلىدۇ-دە، ئوۋچىلار كېلىپ تۇتىۋالىدۇ.
چەتمەك، باسماق، لەخمە قاتارلىق ئوۋ قوراللىرىمۇ
جىگدىچۈك، كەپتەر، قىرغاۋۇل قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا
ئىشلىتىلىدۇ. قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، لەخمە
ئارقىلىق كەپتەر تۇتۇشتىن باشقا، ياۋا توڭگۇزلارنىمۇ تۇ-
تۇشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق لەخمىنىڭ چوڭ-كىچىك-
لىكىدە بولۇپ، كەپتەرگە كولانغان لەخمە نىسبەتەن كى-
چىكرەك، ياۋا توڭگۇزغا كولانغان لەخمە توڭگۇز پاتقۇ-
دەك ھەمدە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن چىقالمىغۇدەك
قىلىپ چوڭ ۋە چوڭقۇر كولىنىدۇ.
ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا
شۇكى، قۇش ۋە قارچىغا كۆندۈرۈش قىيىنچىلىق دەرىجە-
سى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مۇشكۈل ئىش بولۇپ، ئاس-
ماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرىدىغان گۆشخور قۇشنى
ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇ-
زىگە ئىتائەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يېتەر-
لىك ئەقىل-پاراسەت ۋە سەۋر-تاقەت كېرەك بولىدۇ.
گەرچە زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ،
قارچىغا باقىدىغان شارائىت يوقىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئى-
يەتتە، قۇش-قارچىغا باقىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك
ئازىيىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەۋلاد قۇش-
چىلاردىن ئابدۇرېھىم بەختى، قايىم پازىل، ئۆمەر داڭ،
ئوبۇل نۇرەك، تۇرەك قادىر، ئابدۇجېلىل ئىلەك، ئابدۇ-
راخمان ئەيسا، تۇرسۇن خەلپە قاتارلىقلار قۇش بېقىپ
كۆندۈرۈپ، ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن بىللە، قۇشنى ھاياتى-
دىكى مۇھىم ھەمراھ سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ، ئۆمۈر بويى
قۇشتىن ئايرىلمىغان. قارچىغا بېقىپ ئوۋچىلىق قىلىش ئەۋ-
لادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم
مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن قارچىغا كۆندۈرۈشنىڭ
بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن، ھەتتا ئاتقا تو-
قۇلىدىغان ئېگەرلەرگىمۇ مەخسۇس قۇش قوندۇرىدىغان
ئورۇنلار لايىھەلىنىپ، «قۇشبېشى» دەپ ئاتالغان. ئائىلى-
لەردە بولسا، قۇشنى تۆلەككە سالىدىغان مەخسۇس قاراڭ-
غۇ ئۆيلەر، قۇش قوندۇرىدىغان مەخسۇس قونداقلار
بولغان ۋە قۇشنىڭ مايىقىغا قاراپ شۇ قۇشنىڭ ئومۇمي
ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان، قۇش كۆندۈرۈش تەجرى-
بىسى مول بولغان قۇشچىلار «باخشى» دەپ ئاتالغان.
ئوۋچىلىق گەرچە بۈگۈنكى زاماندا ئىنسانپەرۋەرلىك-
كە مۇخالىپ بولغان بىر خىل شەپقەتسىز ھەرىكەت بولسى-
مۇ، لېكىن ئوۋچىلىقنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇ-
تىدىغان نەپسانىيەتچىلىك ھەرىكىتى قىلىۋېلىشتىن ساقلى-
نىپ، تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئىلمىي ھەرىكەت
سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ياۋايى
ھايۋانلار ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدىغان ئەتىياز كۈنلى-
رى، شۇنداقلا بۇغا-ماراللارنىڭ بوغاز بولغانلىقى بىلىنىش-
سە ئوۋ قىلىشنى توختاتقان.
(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدا)

# مەكتەپ شېۋە سۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستېمال مەنىسى



ئابلاجان مۇھەممەد

تۆۋەندە مەن بىر قىسىم ماتېرىياللاردا مەكىت شېۋدىسى دەپ تىلغا ئېلىنغان سۆزلەرنى ۋە ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنمىغان مەكىت رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان، خاراكتېر جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەردىن پەرقلىنىدىغان، ئۆز ئالدىغا دىيالېكت ۋە شېۋە سۆزلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان سۆز ۋە سۆزلەملەرنى تەييارلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى ھازىر مەركىزىي دىيالېكت ياكى قەشقەر، خوتەن، كېرىيە، ئاقسۇ ئاۋات شېۋىلىرىدىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاش ياكى قىسمەن پەرقلىق ھالدا قوللىنىلماقتا.

تۆۋەندە بۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ لۇغەت مەنىسى (ئىستېمال مەنىسى)نى ئايرىم-ئايرىم ئىزاھلاپ كۆرستىمەن:

(ئەسلەتمە: بۇ سۆزلەر تەرتىپ جەھەتتىن ئالدىدىكىسى مەكىت شۋىسىگە خاس سۆزنى، كەينىدىكىسى ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى تەڭدىشىنى كۆرستىدۇ. بىر نەچچە خىل مەنىسى بار سۆزلەرنىڭ مەنىسى تەرتىپ بويىچە كۆرستىلدى. شېۋە سۆزى بىلەن مەنىسى «-» بەلگىسى بىلەن ئايرىلدى. تەلەپپۇزدا قىسمەن تاۋۇش پەرقى بولغان شېۋە سۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا «//» بەلگىسى قويۇلدى.)

ئاران كۆز — سارغۇچقا مايىل كۆك كۆز (قىسىلىپ كەتكەن ئاران كۆزى كۆلكىلىك كۆرۈندى)

ئازگالچى — بۇزۇق، يولدىن چىققان

ئاتبىشى — يىغناغۇچ

ئاق ياغاچ — باللار ئويۇنى. ئايدىڭدا ئوينىلىدۇ. ئاق ياغاچنى بىرسى ئېلىپ قاچىدۇ. كىم شۇ ياغاچنى پەللىگە تېپىپ ئەكەلسە شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

ئاغراق — پۇتى ئاق، كۆز چۆرىسى، تۇمشۇقى ئاقۇچ ئات

ئاغداما — توپا ئاغدۇرىدىغان ھارۋا.

ئاق ئاش — لەڭمەن چۆپى

ئاشلىما — ئەستەرسىز تېرە جۇۋا

ئالاڭلىق — بوشلۇق، پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق

ئات پەرقى — ئىنتايىن زور پەرق

ئاپتاپخانا — كۈنگەيلىك

ئاق ئانا — ھاما

ئالا بويناق // ئالاۋويۇن - ئالا بويۇن

ئەن بولماڭ — ئەنسىرىمەك، غەم قىلماڭ

ئەتتىۋىلەندە — سەھەردە، ئەتىگەندە

ئەشمە — بۇلاق، چەشمە

ئەن يەر — سۇ چىقىرىشقا ئاسان يەر

ئەدرەمكەش — بىگىزنىڭ چوڭى، دەرەش

ئەللەزى — لامزەللە

بۆكەل — توي-تۆكۈندە مەخسۇس گۆش پارچىلايدىغان ئادەم.

بۇجۇق (توپا) — شور ئارىلاش يۇمشاق (توپا)

باسقا— شوتا

بوختان — يۇمشاق (بۇ گۆش بۇختان تازا تاتلىق پىشىپتۇ)

بۇخۇناق — توپا-چاڭ

بەررە — ئوغلاق
بەگچەك — بەگ بالىسى
بۆل — هارۋىنىڭ گۇگۇسۇنلىرى ئورنىتىلغان جايى
بۆكتەل — غانجۇغا
بەرە — بىر خىل قۇش
بارنا — تىرنا
بۇغداي پوقاق بولماق — بۇغداي باش تۇتماق، ئې-
سىلمەك
بۆسەك // بۆسكەك — ئىككى چىشلىق تىرنا
باسقان ئاش — كەسكەن ئاش
بوجاڭچى جۇۋا — قايرىلما ياقىلىق جۇۋا
بەلدەڭ — ئەپكەش
بوڭقۇش — هورۇن، گالۋاڭ، گومۇش
بۇدۇك — ئۇسسۇل
بۇكۇكچى — ئۇسسۇلچى
بېلىق سىرتى قۇم — يەلپۈندى قۇم، قۇم بارخىنى
باسقاق — تاختىمۇشۇك
بوغۇنۇپ — سىقىلىپ كەتمەك (تولا غەم يەپ بوغۇ-
نۇپ كەتمە)
بوۋان // پاۋان — ئوۋچى
پىلاڭ — تەتۈر، تەتۈرگە يېنىپ
پۇشۇقۇنۇش — غەم قىلىش، ھەسرەت چېكىش
پىشكى — ئازراق
پوندەك — ئەركىلەش— ئەركىلىتىش مەنىسىدىكى
سۆز (ۋاي پوندەك ئانا، پوندەك جۇۋان)
پۇشۇقانماق — پۇشايمان قىلماق، ئىچى ئاچچىق
بولماق
پايتىمسارىغۇچ — ئورۇق، ۋىجىك
پايناپلىق // پاينالىق — ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان،
تەلىيى تەتۈر كىشى.
پاۋانچىلاپ ئاتماق — غۇلاچلاپ ئاتماق
پەتتە — توي خېتى
پوختان — يوتا
پاتاش // پاتاق پاخال- قوناق مەدىكىنىڭ سىرتىدىكى
غازىڭى
پوستۇما كاۋاپ — قوي ساغرىسىنىڭ تۈك چىقمايدى-
غان يېرىدىن تىلىپ ئېلىنغان كاۋاپ

پايقاپ — پايپاق
پەجەمچە — ئايالچە ئىشتان
پەشمەك — ئايالچە كالتە چاپان
پەمچۈك — پەمى بار ئادەم
تۇغۇر — قۇيرۇق (هايۋانلارنىڭ قۇيرۇقى)
توشقىنى تەتۈر قاچماق (ئىدىيوم) — ئىشى تەتۈرگە
ماڭماق
توڭكرەك — توڭگون، توڭگۈچ (ئارغامچا، نۇقتا، سى-
رتماق چىگىلگەن توڭگون)
تۇتال — تۆرەلمە (تۇتال بولماق — بوغاز بولماق)
تەرەلگە ئېشى — ئۆلۈم بولغان ئۆيگە قوشنىلار ئا-
پارغان ئاش
تالجۇقتۇرماي — هارغۇزماي (بولە، ئادەمنى تالجۇق-
تۇرماي)
توسانجا — ئىشىك پەردىسى (ملەڭزە)
تابۇغا — پادىشاھ، بەگ، هۆكۈمران (هەي نېمە
دەيتتۇق، كۆڭۈل تابۇغا)
تامغاق — تاماق، تاڭلاي
تومۇ — سۇ توسۇش توسمىسى
تۇرلۇق — ئومۇرتقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى
تۆيۈز تام — بادىرا ۋە لايدىن قىلىنغان تام
تۆتمەك — ئىسلىنىپ كۆيمەك، ئاستا كۆيمەك
تېۋەڭ — تونۇرنىڭ ئاغزىنى ياپىدىغان تالدىن توقۇل-
غان سېۋەت
تىرجان// تىينا // تىرنە — بىلىجان
توكۇچ ئانام — بەدەنگە چىقىدىغان ئۇششاق يارا
تىپو — دەسلەپتە، قاق سەھەردە، دەسلەپ، بالدۇر
تونچە چاپان — ئۇزۇن چاپان
تالقاندان — خۇرجۇن
تېپىن ۋاقتى — خامان تېپىش ۋاقتى
تىيماقچا — سامان تىگىدە قالغان سامانلىق بۇغداي
تاز پولۇ — گۆشسىز پولۇ
تەللە — بوخچا، بوپا
تۇرۇمچا — قول هەرىسى
تېگەچى — ئەرگە تېگىدىغان قىز، ئايال
تاقتاق — بىر خىل چوڭ چېكەتكە
جەن— بۆلۈمچىلەرگە ئايرىلغان ئاشلىق قاچىلىنىدىغان

ساندۇق

جۇپا-جۇيياڭ — چىپ-چىپ (تەرلىمەك)

جو — ئىپتىزلىقنىڭ دەرەخ بار تەرىپىگە چوڭقۇر كولانغان چۆنەك

جوجەي — ئېغىز ئەتراپىغا چىقىدىغان چاقا، گەز، يارا

جوغا — شۇمەك

جۇۋا ئېغىز — ئاغزى بېزەپ، تولا گەپ قىلىدىغان

جەگە// جەگىسى بار — غەيرەت-شجائەت، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، هاكاۋۇر، مەنمەنچى

جاڭداپ قېلىش — زۇكامداپ قېلىش، سوغۇق ئۆتۈپ قېلىش

جۇمباق-جۇمباق — غۇچچىدە، غۇژمەك-غۇژمەك (يېمىش جىگدىلەر جۇمباق-جۇمباق ساڭگىلاپ تۇراتتى)

چاتراقلاش — ئوغلاق تارتقاندا ئوغلاقنى تېقىمغا با-سۇرۇش

چۆنقىغا ئالماسلىق — پىسەنتىگە ئالماسلىق

چەمەك — مايماق، ئىنچىكە، ئورۇق (قانداقمۇ كەل-گەنسەن چەمەكتەك پۇتلىرىڭدا)

چاسا بەلباغ — ياغلىق بەلباغ

چاقچاق — دەررە (دولان مەشرىپىدە ئىشلىتىدىغان، ياغاچتىن تىلىنغان ياغاچ، ئۇرغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ.)

چايلىماق — كۆپەيمەك، باراقسان بولماق، غولدىماق

چەپچار — سولخەي

چەپەر — تېز، چېۋەر، چاققان

چەمگەر // چىرىمگەر — كۆن ياسىغۇچى

چۇراپ كەتمەك — ئاجىزلاپ كەتمەك

چىش چىقنى — چىش مىلىكى ياللۇغى

چىغان — جىغان

چىغلىماق — چىغ بىلەن چىگىدىماق (كىگىز ئەتتىم چىغلىدىم، يەرنى قىغدا قىغلىدىم، يارىم سىنى سېغىنىپ، قارا بوراندەك يىغلىدىم)

چارداپ كەتمەك — يىرىلىپ كەتمەك (تېرە يېرىلىش-نى كۆرستىدۇ)

چىشلىق — ئېغىزدۇرۇق، يۈگەن

چۆچەگىلىك — گىردە نان

چوڭقۇرچاق // چۇقۇچەك — قوناق ئۇندا قىلىنى-دىغان بىر خىل تاماق

چىلتەك — ئاياللارنىڭ جىلتىكىسى

چۆڭمەك — جىلتكە

چىرىمگەر — كۆنچى، كۆن ياسىغۇچى

چۇشەكمەك — ئېھتىلام بولماق

خېنىم سوك-سوك — هەربىكتى چاققان (ئاياللارغا ئىشلىتىدۇ)

خولەك — سېمىز، يوغان (ئادەم)

خەندەك — چۆنەك قېشى

خەۋەندە خالىق — خەيرخاهلىق

خۇدۇنماق — ئۇيالماق

خېمىر يۇغۇرغۇچ — ياچۇەك

خەرەكلىشىپ قالماق // خەرەگلەشمەك — ئازارلى-شىپ قالماق، جېدەللىشىپ قالماق

خونچا — ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان ياغاچ قاچا

خىرنەك — كېكىردەك

دۆڭ — راسا، تازا، بەك، بولۇشغا (ناخشىنى دۆڭ ئېيتىپ ) (خورەكنى دۆڭ تارتىپ)

دۇرۇشلۇك — ئازار، خاپىچىلىق

دەپسە — پىيما

داغۋاز — مەنمەنچى، پوچى، هاكاۋۇر، هەشەمەتخور، ئابرۇيپەرەس

دۆرۈن — كالۋا، دۆت، ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويى-لىمايدىغان

دەگالىق — چاغ، پەيت، ۋاقىت

دۆيلىپ — تەستە، ئىنجىقلاپ (توپىلىق يولدا دۆيە-لىپ كېتىۋاتقان ئات )

دۆلىنىپ — سىلكىنىپ

دەگالقتا — دۇنيالىقتا (بۇ دەگالقتا يەنە نېمەم بار مېنىڭ)

داقى — ئورۇق، ئەتىسىز

دان سۈيى — بۇغداي باش ئالىدىغان ۋاقىتتا قۇيىدى-غان سۇ

دەررە — پوتا

دوقال — دوقمۇش

دومبلەك — دومبايغان، دۇمباق، تومپايغان (نەرسە)

دۆرە كەلمەك — قىماردا ئامتى ئارقا-ئارقىدىن كەلمەك

دۆلەت قوڭغۇزى ــ ماي قوڭغۇز
دۆللەپ قالماق ــ تۇتقاقلىقى تۇتۇپ قالماق، تېلىپ قالماق
دۆڭچەك ــ تۆپە، تۆپىلىك يەر
دۈگجىمەك ــ سەنتۈرۈلمەك، ئالدىغا مۈدۈرۈپ كەتمەك
داڭ ــ چېلىشتا ئۇتقان ئادەم
دۈغ دېمەك ــ قورقماق
دولەن ــ تايچاق
داقالچى //داققالچى ــ دوقمۇشخان، سۇخەنچى
دۆرە ــ قېتىم، داپخور، نۆۋەت
داۋزا قۇلاق ــ يوغان قۇلاق، سالپاڭ قۇلاق
رۇمچە ــ كۆن كېسىدىغان يانتۇ تىغ
راسكالماق ــ راسلىماق، تەييارلىماق، جايلاشتۇرماق
رىل ئالماق ــ ئېلىك ئالماق (سىلىنىڭ لەۋزىلىرىنى رىل ئېلىپ )
رىجى // غىجى ــ ئىككى چىشى بار، ئۇرۇق سېلىشتا چۆنەك ئاچىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى
زايە بولماق ــ سېزىلمەك، بىلىنمەك، ھېس قىلىنماق
زەنمنى قايناتماي ــ ئاچچىقمىنى كەلتۈرمەي، ئوغامنى قايناتماي
زەنىم ــ زېھنىم، ئەقلىم (بۇ ئىشقا زەنىم يەتمەيتۇ)
زەيلاڭ ــ زەيكەش
زو ئانا ــ موما
زا ــ ئىزا تارتقۇزۇش، ئىزاغا قويۇش (ياخشىلىقنى سىلى ماڭا قىلىۋاتسىلا، مەن نېمە دەپ سىلىنى زاغا تۇتىدىكەنمەن؟)
زىغرىق ــ كۆرپە، تۇماق، ئۆتۈكلەرنىڭ چۆرىسىگە چىقىرىلىدىغان نەقىش
ژۇل ــ بۇلاق
ژىكچە ــ تاياق
سەڭگىرەپ ــ دىققەت بىلەن قارىماق، ھېس قىلماق، سەزمەك
سەڭگىرىگەن ــ غۇۋا كۆرۈش
سەندەل ــ كۆندە تىكىلگەن ساپما كەش
سوپپاق ــ قوۋزاق
سۇيۇق ــ شالاڭ (سۇيۇق ۋاسا ۋە يىكەندە يېپىلغان ئۆگزە)

سوك ــ يېتىم
ستەل ــ قاچا (بىر ستەل ئاش)
سان ــ پاچاق، پاقالچاق
ساڭقالىماق ــ ئاڭقىرالماسلىق، چۈشىنەلمەسلىك، ئەستە تۇتالماسلىق
سىرت ــ قوي- كالا قاتارلىقلارنىڭ ئومۇرتقىسى
سۇگارى ــ تەلتۆكۈس
سوقۇما ــ تۈۋرۈك
سىياچۆك ــ ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سالىدىغان بۇغا (جۇمبۇ)
ساڭساڭ ــ گالۋاڭ، ھۇرۇن
ساساڭ ــ ساراڭ، كاللىسى جايىدا ئەمەس
ساڭقالماق ــ ئەستە تۇتالماسلىق
سۇمبەتچى ــ ماختانچاق، پوچى
سىيگىلخانا ــ ھاجەتخانا
سېرىق قۇيرۇق ــ كۇسۇتكە (تۈكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ)
شوپۇرچى ــ شىرىق چاپان
شاقىدىماق ــ بەدەننىڭ سىرتىغا تۇخۇم چاپماق
شەنىنى تاپاندىدى ــ شەنىنى بۇلغىدى
غاچچا // غاچچاي ــ سۇتلۇكئوت
غىرلاڭ ــ تۈز يەر
غىلتاڭ ــ تېيىلغاق، سىيلىق
غىل ــ ھېچ نەرسە يوق، پەقەت، ساپ
غۇلۇ ــ تۈگمەننىڭ كويلىسى
قۇر ــ قولدا توقۇلغان ئىككى ئۇچى پۆپۈكلۈك ئىشتانباغ
قىلاندان ــ قىل بىلەن توقۇلغان ھەميان
قويماق ــ جىلتكە
قارا چىلان ــ تۇمشۇقى، پۇتى ئۇزۇن، بېلىق يەيدىغان بىر خىل قۇش
قارا شامال كېسىلى ــ تېرە يېرىلىش ئالامىتى كۆرۈلىدىغان كېسەل
قارا غاز ــ رەڭگى قارا، پارقىراق كېلىدىغان، تۇمشۇقى ياپىلاق بېلىق تۇتۇشقا ماھىر بىر قۇشنىڭ نامى
قارا كۆز بېدىيان ــ قارا ئارپىبەدىيان
قاغا قامغىقى ــ پالەككە ئوخشايدىغان، كۆك چېچەكلەيدىغان بىر خىل ئوت

قاتراڭ ــ قېقىر، ھېچنېمە ئۈنمىگەن (يەر)
قەندىلەك ــ قەندەك، شېرىن، تاتلىق
قەۋزە (قىلماق) ــ ئۆلگۈچى قانچە ياش بولسا، شۇنچە كىشىگە نەزىرگە ئاتالغان پۇلنى «ئالدىم- بەردىم» دېيىشىپ تەگلەش
قۇرما // قورما ــ قونداق، كاتەك
قوغان ــ گۈرۈچ، ماش قاتارلىقلارنىڭ پوستى
قەي ــ قەيلەك دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قۇم يىغىلىپ قالغان، ئوت ئۈسكەن يەر، ئېگىز بەللەر
قاغىلەك جىگدە ــ مېۋىسى ئۇششاق بىر خىل جىگدە
قارا توغراق ئادەم ــ قارا تۈرك ئادەم (ساۋاتسىز مەنىسىدە)
قۇشقاچ تىلى ئاش ــ خېمىر نېپىز يېيىلىپ، ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە كېسىپ ئېتىلگەن ئاش.
كاسكىرىماي ــ كاپىشماي
كەمدە ــ كېرەندە ــ ئاز، كەم- كوتا
كۆدەل ــ يانتاقتا ئوخشايدىغان بىر خىل چۆل ئوتى
كور تىماق ــ تىرناق چۇشۇپ كېتىپ ئىككىنچى قېتىم چىققان ئەگرى- بۈگرى تىرناق
كاساڭ ــ ياغاچ ئاياغ
كات ــ ياغاچ كارىۋات
كانتىلماق ــ سوزماق، تارتماق، چۇجمەك (قولاقنى)
كەمزىر چاپان ــ ئوتتۇشمە توگمىلىك ئۇزۇن چاپان
كۆرگە ــ چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك
كۆزنىڭ ئوينىغۇچى ــ كۆز قارىچۇقى
كۇپ ــ قېتىقتىن سېرىق ماي ئايرىشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ قاچا
كۆكرەك پۇرمە ــ ئاياللارنىڭ يەرلىك نۇسخىدىكى تۇز كۆڭلىكى
كۆك شۇلتا ــ بادرىدىن كىچىك، چوۋىقتىن چوڭ كۆچەت
كۆۋەرەك ــ يۇلغۇننىڭ ئاق رەڭلىك تۈرى
كۇنەز ــ كۇنگەي
كورەك ــ قېتىپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن (كونا كورەك جۇۋا)
كوگەي ــ توغراقنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياسىغان ئوقۇر
كۆكتۇش ــ نامرات، كەمبەغەل
كېينلىك ــ ئىستىقبال
كۆيلىمەك ــ بۇقىغا چۇشمەك
كۆز ــ قوتى يوغان، چقان
كوپۇش ــ شالدام، شالى ئاقىدىغان ئادەم
گوشتاپ ــ قالۇننىڭ ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋابى
گۆجەك ــ كىچىك قوتان
گەشمۇگەش ــ ئېگىز- پەس، دۆڭمۇدۆڭ
گۆدۆڭ- گۆدۆك ــ كولدۇرما
گىدىك ــ ماڭغۇدەك بولغان كۇچۇك
گۆيۇشۇپ ــ سىلكىنىپ، چاپچىپ (ئېشەك بىر گۆيۈ- شۇپلا مېڭىپ كەتتى)
لەيلاڭ ــ سۇنىڭ كۆپىگىدەك لەيلەپ يۈرىدىغان، جايىدا مۇقىم تۇرمايدىغان (جاھانكەزدى، جايىدا تۇرماي- دىغان ئادەملەرگە ئىشلىتىدۇ)
لەت ــ تىل- ئاھانەت (ھىلى بىكار لەت ئاڭلايسەن)
لو ــ تاج، قىز- ئاياللار ئۇسسۇل ئوينىغاندا بېشىغا تاقايدىغان تاج
لوخشۇق ــ شىرىق
لويلا // لوۋى ــ ماش
لولى ــ مەككار، ھىيلە- مىكىرچى
لوخشۇق ئەتمەك ــ يىگنە بىلەن رەختنى پۈرۈپ تىكمەك
مۆك ــ چامغۇر
ماندار ــ بىر خىل يۆگمەچ ئوت
مەلغۇن ــ نىرۋىسى ئاجىز
مونەك ــ قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن تۇگرە
مۇغەمبەر ــ ھىيلىگەر، قۇۋ
مۇغەمبەر تۇماق ــ ئاق تۇماق، تېرە يۈزى ئاشلاندى- غان يۇڭ تۇماق
مۇنگەش ــ قاتلاق، ئىرماش- چىرماش
مىجىق ــ ئېزىلەڭگۈ، مىس- مىس
مىسكە ــ سۇخەنچى، ئوتتۇرىۋۇقلۇق قىلماق، قۇتراتقۇچى
مۆل ــ توقۇم (ئېشەكنىڭ توقۇمى)
مۆڭگىلەش ــ تۇرتۇش، ئىتتىرىش
مۆڭگەشلەپ ــ تۇگۈلۈپ (كىرپىدەك مۆڭگەشلەپ)

مۇنجۇما ــ قولۇشۇپ قالماق، پۇرلىشىپ قالماق (پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ مۇنجۇما بولۇپ قالغان)

مۇقۇلداشماق ــ پىچىرلاشماق، كۇسۇلداشماق

مۇقۇشلۇق ــ تۇتاش كەتكەن، ھەققەمسايە، (مەھەللە بىلەن مەھەللە ئارىسىدىكى مۇقۇشلۇق دۆڭلەر)

مەچىكلىك ــ بولغۇسى ئايالىڭ دېگەن مەنىدىكى ئەر-كىلەتمە گەپ

ناپىسەنتلىك ــ خاتالىق، ھۆرمەتسىزلىك، كۆزگە ئىل-ماسلىق

ناپسەن ــ بىغەرەز، ئىش ئۇقماس، پەرۋاسىز

ناگقاش (قوچقار) ــ كۆزنىڭ ئەترابى قارا كۆزەينەك تاقىۋالغاندەك رەڭ ئالغان (قوچقار)

ھەللدە ــ جايىدا، ئوبدان، بەلەن

ھاپپاق ــ تەستەك

ھەمساتتا ــ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە

ھونچە ئاياغ ــ ياغاچتىن ئويۇلغان قاچا

ھۆپلەك ئاش ــ نىپىز يېيىپ، ئۈزۈپ تاشلاپ ئەتكەن ئاش

ھاللىز ئېتىپ ــ چىچاڭشىپ، ھەيۋە قىلىپ، ھۆركە-رەپ، قوقاق سىلىپ

ھوناق ــ قوقاق (قوقاق چىقماق)

ھېچكىمنى قىسلىچقىغا ئالماي ــ ياراتماي، پىسەنتگە ئالماي

ھەپەلتەك ــ يالتىراق، تۇتامى يوق

ھوناق ــ مەقسەت، مۇددىئا، ئىش، خىيال، پىلان (دېمىسەڭمۇ شۇ ھوناقتىمەن، جاھاننىڭ ھوناقلىرى بوغۇز-غا قاپلاشقاندا، سەن شۇنداق ھوناق ھوناۋاتامسەن، ئامال-سىز شۇنداق ھوناق ھونىغان)

ھالللاپ ــ چاتاق چىقىرىدىغان، ئوغرى-يانچۇقچى (ھەممىسى سەن قېنىدا تۇرمايدىغان ھاللاپنىڭ خاپىلىقى)

ھوناپ ــ ئويلاپ، ئىشىنىپ

ھونناق ــ يامان نىيەت (ھۇ ئىچىدىن ھونناق قاينايدى-دىغان مۇناپىق )

ھەمزەك ــ گۈل باسقان ماتا

ھەلەم ــ خېلى، بەك

ئولتۇرۇم ــ پالەچ

ئوپقا ــ ئەپكەش

ئوتكۆچ قىلماق ــ ئاشلىماق

ئوگقاي ــ ئوڭ تەرەپ، ئوگچە ئىش قىلىدىغان ئادەم

ئوڭ جۇۋا ــ بوياقسىز تېرىدە تىكىلگەن جۇۋا

ئۇچا ــ پۇتون پىشۇرۇلغان قوي گۆشى

ئۆلۈم ــ بۇردا (نان)

ئۇختا ــ ۋاقىت، پەيت، پۇرسەت (بىر ئۇختاسىنى كەلتۈرۈپ ئەدىپىنى بەرمىسەم )

ئۆڭ جۇۋا ــ تېشى يوق، ئاشلانغان، ئەيلەنگەن تې-رىدىنلا تىكىلگەن جۇۋا.

ئۆرلەت مانتا ــ بولاق مانتا

ئۆمسۆرۈن ــ پاراكەندە، چىرايى تاتارغان ھالەت

ئۈلگۈچەك ــ قەدىمىي ياغاچ ئىشكىلەرنىڭ ئىلغۇچى (قەدىمىي ئۈلگۈچەكلىك ئىشىك)

ۋەلەكۈەلەك // ۋىتەك ــ دانە (ئوتتۇز-قىرىق ۋە-لەكۈەلەك مېكيان، ئالتە ۋىتەك ئادەم قاراپ تۇرسا)

ۋىتەل ــ تال، دانە، نەپەر

ۋالا-ۋويلا ــ ئاقىۋەت، نەتىجە، خاپىچىلىق (ئۇ مانا مۇشۇ ۋالا-ۋويلىغا قالدى)

ۋالىۋاش ــ كاللىسى جايىدا ئەمەس، ئارامى يوق

ئىرىغدىماق ــ ئورۇندىماق

ئېگىز قۇشقچى ــ ئېتىزلىقتىكى چوڭ چېكەتكە

ئېچەك ــ خەرەك (دۇتتار، تەمبۇرنىڭ خەرىكى )

ئىچى قاراگغۇلاشماق ــ قەۋزىيەت بولماق

ئىشتەلگە ــ لاچىنىدىن چوڭراق قۇش

ئىنجا ــ خەۋەر، ماغدۇر، سادا

ئىستى-پىستى ــ خەۋەر، ئۇچۇر

ئېسەنگرەپ ــ ھەيران بولۇپ، ئالاقزادە بولۇپ

ئىدىتسىزلىق ــ بىسەرەمجانلىق (كۆڭۈللىرىنىڭ ئى-دىتسىزلىقنى بىلمەن)

يېمىش جىگدە ــ نان جىگدە

ياپال باش ــ ياپىلاق، يۇملاق

ياتىۋالاڭ // ياتىلاڭ ــ غەيرىي، بۆلەكچە، ناتونۇش، يات

يۇلغۇن قاقتىسى ــ يۇلغۇننىڭ كۆتىكى

ياغاق سالماق ــ يالپاقدىماق، يالپاقلىماق

ياقۇن (جاي) ــ سۇ يېيىلىپ ئاققان جاي

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە)




# خىسلەتلىك پاقا

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يۇرتتا ئەزىمەت ئىسىملىك بىر بالا ياشىغانىكەن. بالىنىڭ دادىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئانىسى باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولغانىكەن. ئۆگەي دادا ئەزىمەتنى يامان كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەزىمەت يايلاقتا مال بېقىۋېتىپ، ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قالغان بىر پاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپتۇ ھەمدە شۇ كۈندىن باشلاپ پاقىنى بېقىشقا باشلاپتۇ، لېكىن بۇ ئىشنى ئانىسى بىلەن ئۆگەي دادىسىغا بىلدۈرمەپتۇ.

ئەزىمەتنىڭ ياخشى بېقىشى بىلەن پاقا كۈندىن-كۈنگە سەمرىپ يوغىناپتۇ. ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ پاقا كالىدەك يوغىناپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۆگەي دادىسى ئۆيدە يېمەكلىكنىڭ تېزلا تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەزىمەتتىن گۇمانلىنىپتۇ ۋە كېچىچە ئۇخلىماي ئەزىمەتنى ماراپ يېتىپتۇ. دېگەندەك يېرىم كېچە بولغاندا ئەزىمەت پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ چىقىپ، داستىخاندىن نان ئېلىپ پاقىغا بېرىۋاتقاندا، ئۆگەي دادىسى «كاپ‍لا» قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ-دە:

— سەن بۇ مەخلۇق بىلەن بىللە دەرھال بۇ ئۆيدىن يوقال! — دەپ ئەزىمەتنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزىمەت نەرسە-كېرەكلىرىنى پاقىغا ئارتىپ، پاقىغا مىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەزىمەت پاقا بىلەن بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەپتۇ، بۇ چاغدا پاقا ئەزىمەتكە:

— بىز مۇشۇ يەردە ئايرىلايلى، مەن ساڭا خاسىيەتلىك بىر گۆھەر بېرەي، ئېسىڭدە بولسۇن بۇ گۆھەر بەك خاسىيەتلىك بولۇپ، ئۇنى ئۆلگەن ھەرقانداق جان-جانىۋارغا تەگكۈزسەك شۇئان تىرىلىدۇ. لېكىن ئۇنى ئۆلگەن ئادەمگە تەگكۈزسەك بولمايدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشسە «كۇر، كۇر، كۇر» دېسەڭ مەن پەيدا بولىمەن، — دەپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەزىمەت پاقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشقا بىر شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتسا بىر چاشقاننىڭ ئۆلۈكى ئۇچراپتۇ. ئەزىمەت پاقىنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ گۆھەرنى ئۆلۈك چاشقانغا تەگكۈزگەنىكەن، چاشقان دەرھال تىرىلىپتۇ ۋە ئەزىمەتكە رەھمەت ئېيتىپ:

— ئەي ئادىمزات، بېشىڭغا كۈن چۈشسە «كىرىس، كىرىس» دېسەڭ مەن سېنى تاپىمەن، مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلىمەن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەزىمەت يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، يول ئۈستىدە بىر يىلاننىڭ ئۆلۈكى ئۇچراپتۇ. ئەزىمەت گۆھەرنى چىقىرىپ يىلانغا تەگكۈزگەنىكەن، يىلان دەرھال تىرىلىپتۇ ۋە ئەزىمەتكە رەھمەت ئېيتىپ:

— ئەي ئادىمزات بېشىڭغا كۈن چۈشسە «غىلدىر، غىلدىر، غىلدىر» دەپ چاقىرساڭ مەن پەيدا بولىمەن، ساڭا ياخشىلىق قايتۇرىمەن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەزىمەت شۇ تەرىقىدە يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئەسكى تاملىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا بىر قانچە ئۆلۈك ھەرە ئۇچراپتۇ. ئەزىمەت ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ھەرىلەرنى تىرىلدۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەرىلەر:

— ئەي ئادىمزات، بېشىڭغا كۈن چۈشسە «گۇڭ، گۇڭ...» دەپ چاقىرساڭ بىز خىزمىتىڭگە تەييار، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەزىمەت يولنى داۋام ئېتىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. قارىسا ھەممە ئادەم يىغلاپ ھازا ئېچىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ شاھزادىسى قازا قىلغانىكەن.

ئەزىمەت كۆڭلىدە: «بۇ خاسىيەتلىك گۆھەرنى ئۆلگەن جانىۋارغا تەگكۈزۈپ تىرىلدۈرۈپ قويدۇم، بۇ شاھزادە ئادەم بولغاچقا تىرىلدۈرۈپ قويسام قانداق بولار...» دەپ ئويلاپتۇ. بىراق پاقىنىڭ گېپى يادىغا كېلىپ بۇ نىيەتتىن يېنىپتۇ، لېكىن يەنە ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خاسىيەتلىك گۆھەرنى شاھزادىنىڭ تېنىگە تەگكۈزگەنىكەن، شاھزادە دەرھال تىرىلىپتۇ ۋە ئۆزىنى تىرىلدۈرۈپ قويغان ئەزىمەت بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقا قەسەم قىلىپتۇ.

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ پادىشاھ بىلەن شاھزادە خاسىيەتلىك گۆھەرگە قىزىقىپ، نىيىتى بۇزۇلۇپ ئەزىمەتتىن گۆھەرنى تارتىۋېلىشنى پىلانلاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە ئەزىمەتنى شىكارغا بىللە چىقىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ، ئەزىمەت ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار شىكارغا چىقىپتۇ، ھاۋا تازا قىزىغاندا شىكارنى توختىتىپ بىر چوڭقۇر كۆل بويىغا كېلىپ سايىداپتۇ. ئەزىمەت خاسىيەتلىك گۆھەرنى قاشتا قويۇپ، كۆلدىن سۇ ئىچمەكچى بولۇپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شاھزادە، ئەزىمەتنى كۆلگە ئىتتىرىۋېتىپ، گۆھەرنى يانچۇقىغا سېلىپ شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئەزىمەت سۇ ئۈزەلمىگەچكە، كۆل سۈيى ئۇنى تېگىگە تارتىپ يۇتۇپ كېتىشكە باشلاپتۇ. جان ھالقۇمغا كەلگەندە ئەزىمەت پاقىنى يادىغا ئېلىپ: «كۇر، كۇر، كۇر» دېگەنىكەن، پاقا شۇئان پەيدا بولۇپ، ئەزىمەتنى كۆلدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

ئەزىمەت شەھەرگە كىرىپ پادىشاھقا دەۋا قىپتۇ. بىراق پادىشاھ: «گۆھەر ئوغلۇمنىڭ، سەن پالاندى ئوغلۇمغا قاراچاپلىدىڭ» دەپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇنى دەرھال كۆزدىن يوقۇتۇشنى ئويلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى بىكاردىن-بىكار ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقنى ئويلاپ، زىندانغا بەش تاغار بۇغداي، بەش تاغار تېرىق، بەش تاغار زىغىر ئەكىرىپ، ئۇلارنى ئىلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تۈر-تۈر بويىچە ئايرىپ چىقىشنى، ئەگەر ئايرىپ چىقالمىسا ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغانلىقنى ئېيتىپتۇ. ئەزىمەت نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن چاشقان يادىغا كېلىپ: «كىرىس، كىرىس، كىرىس» دەپ توۋلاپتۇ، شۇ ھامان نۇرغۇن چاشقانلار پەيدا بوپتۇ ھەم ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بىردەمدىلا ئەزىمەتنىڭ دېگىنى بويىچە دانلارنى تۈرى بويىچە ئايرىپ چىقىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن جاللاتلارنى باشلاپ كىرگەن پادىشاھ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئەزىمەتنى ئۆلتۈرۈشكە گۇناھ تاپالمىغان پادىشاھ قايتىپ كېتىپتۇ، كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئەتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە ياساۋۇللارنى زىندان ئەتراپىغا توپلاپتۇ. بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن ئەزىمەت، ھەرىلەرنى ئېسىگە ئېلىپ «گۆڭ، گۆڭ، گۆڭ، غۇڭ، غۇڭ، غۇڭ...» دەپ چاقىرغانىكەن، نەچچە مىڭلىغان ھەرىلەر پەيدا بوپتۇ ۋە ئەزىمەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياساۋۇللارنى چېقىشقا باشلاپتۇ، ھەرىلەر ياساۋۇللارنى شۇنداق چېقىپتۇكى، ئۇلارنى زىندان يېنىغا يېقىن كەلتۈرمەپتۇ، شۇ تەرىقىدە يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتۈپتۇ، ئەزىمەت بۇ زىنداندا ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقنى ئويلاپ يىلان يادىغا يېتىپ: «غىلدىر، غىلدىر، غىلدىر» دەپ چاقىرغانىكەن، يىلان پەيدا بولۇپتۇ. ئەزىمەت يىلانغا پادىشاھنىڭ قىزىنى چېقىشقا، لېكىن ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا بۇيرۇپتۇ. يىلان مەلىكە ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنىڭ كۆكسىنى چېقىۋاپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتكە پەرمان جاكارلاپ، قىزنى كىم قۇتقۇزۇپ قويسا قىزنى شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقنى ئېيتىپتۇ. لېكىن ھېچكىم قىزنى ساقايتالماپتۇ. ئەزىمەت گۇندىپاي ئارقىلىق پادىشاھنىڭ قىزنى ساقايتالايدىغانلىقنى پادىشاھقا ئۇقتۇرۇپتۇ، پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنى دەرھال زىنداندىن چىقىرىپتۇ، ئەزىمەت يىلاننىڭ دېگىنى بويىچە زەھەرنى قايتۇرۇپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇپتۇ. بىراق مەككار پادىشاھ قىزنى ئەزىمەتكە بەرمەكتە يوق، ئەزىمەتنى يەنە زىندانغا تاشلاپتۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ئەزىمەت زىندانغا پاقا، يىلان، چاشقان، ھەرە... قاتارلىقلارنى باشلاپ كېلىپ پادىشاھنى ئاغدۇرماقچى بولۇپتۇ. پاقىنىڭ مۇز باتۇر، شامال باتۇر دەيدىغان يېقىن ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئەزىمەت ھەرىلەرنى ياساۋۇللارنى، لەشكەرلەرنى چېقىشقا، يىلاننى پادىشاھ ئوردىسىنى ئىگىلەشكە، چاشقانلارنى سېپىللەرنى تېشىشكە، شامال باتۇرنى 38 بال شامال چىقىرىپ پادىشاھ لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە يىغىشقا، مۇز باتۇرنى نۆلدىن تۆۋەن 180 گىرادۇس سوغۇق پەيدا قىلىپ، مۇزلىتىشقا مەسئۇل قىپتۇ.

پاقا باش سەركەردە بولۇپتۇ. جەڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ سېپىللىرى بىردەمدىلا يىمىرىلىپتۇ، ھەرىلەر شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ، شامال باتۇر شۇنداق كۈچلۈك شامال چىقىرىپتۇكى، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر دالىدىغا يىغىلىپ قاپتۇ، مۇز باتۇر شۇنداق سوغۇق پەيدا قىلغانىكەن، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قېتىپلا قاپتۇ. ئەزىمەت ۋە ئۇنىڭ ۋاپادار دوستلىرى شەھەرنى ئاپتۇ. زالىم شاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ. خەلق ئەزىمەتنى پادىشاھلىققا سايلاپتۇ، ئەزىمەت شەھەرنى ئادىل سوراپتۇ، خەلق ئۆم، ئىناق، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. پاقا، ھەرە، يىلان ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ ئادەملەر بىلەن ئىناق بىللە ياشاپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: (مەكىت ناھىيە شېھىتدۆڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)



# مەكىت دولان قوشاقلىرى

دولان دەريا بويىدا
ئوتلار دولان قويلىرى.
ئەجەب بەكمۇ قىزىيدۇ،
قۇتلۇق دولان تويلىرى.

تىزناپ دېگەن دەريادىن،
ئۈزۈپ ئۆتتۈم سالامەت.
قۇمقسلاردا دېھقانلار،
رەسىم سىزار ئالامەت.

دولان يولىدا كارۋان،
كارۋان جىسمىدا دەرمان.
مەشرەپ كۆرگەن ياشلارنىڭ،
يۈرىكىدە يوق ئارمان.

مەكىتتە ئۆيۈم تۇرسا،
ئالمىلىق بېغىم تۇرسا.
غەم قىلمايمەن يېنىمدا،
دولان قىز كۈلۈپ تۇرسا.

ئايغىر ئاتنى سۇغاردۇق،
خانكۆلدىكى بۇلاقتا.
دولاندىكى يارىمنىڭ،
شېرىن سۆزى قۇلاقتا.

ئاي خېنىم ئۆزۈڭ نەلىك،
ئۈزۈكۈڭ يېرىم سەرلىك.
مەن سېنى ئالاي دەيمەن،
بولمىساڭ ئەگەر ئەرلىك.

قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ،
قىزىلئاۋات قىزلىرى.
تائەبەدكە ئۆچمەيدۇ،
يۈرەكتىكى ئىزلىرى.

قالۇندۇر دولان سازى،
چېلىنار قىش ھەم يازى.
دولانلىقتىن يار تۇتسام،
جان ئالۇر ئۇنىڭ نازى.

تۈمەنتالدا تال تولا،
يانتاقتا گۈل-باغ تولا.
كۆرەلمگەچ يارىمنى،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

باغئاۋاتقا تېرىدىم،
چوغدەك قىزىل بۇغداينى.
زورلىساڭمۇ يېمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

يارنىڭ تىككەن دوپپىسى،
خوپ كەلگۈدەك باشىم بار.
باشقىلارغا كۆيمەيمەن،
دولاندا ئاداشىم بار.

پاختىلىقتا دېھقانلار،
پاختا سېتىپ پۇل قىلدۇق.
راسا ئىشلەپ تەر تۆكۈپ،
يۇرتىمىزنى گۈل قىلدۇق.

ئاتا-بوۋام ئات مىنىپ،
ئوۋ ئوۋلىغان ئوۋىكىدا.
بۈگۈن يوللار قىسقاردى،
ماڭغاچقا بىز كوڭكىدا.

توپلىغۇچى: قادىر پارالى

# يىلان مۆڭگۈزى



بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشى ئۆزى باي، مىنگىنى تاي، خوتۇنى تولغا ئاي ئىكەن، لېكىن، شۇنچە باي بولسىمۇ، كۆڭلى كۆمۈر، يۈرىكى گالىڭ باغلانغان تۆمۈرگە ئوخشاش بولۇپ، بىر-ئىككى ئائىلىق يەردىكى تېرىقتەك نەرسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى كەھرىۋادەك تارتىدىكەن، باينىڭ كۆڭلى توق، پۇل توپلىماقتىن باشقا غېمى يوق ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتكەنسېرى باينىڭ يېشى چوڭىيىپ، بۇرۇنقى تۈز گەۋدىسى ئەمدى سۇپۇرگە ئاكامىنىڭ ئەپكەشىدەك بولۇپ، يېڭىدىن ئۇنىڭغا بىر غەم قوشۇلۇپ قاپتۇ، ئۇ بولسىمۇ، بۇرۇن باي بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ۋاھىت باينىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئىكەن. ئەتە ياكى ئۆگۈن ئۆزىنىڭمۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ۋاھىت باي بارغان جايغا بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ، كۆپرەك خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. گۆرگە ئېلىپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بايۋەچچىگە قالدۇرۇپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. چۈنكى ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، باينىڭ بالىسى بولغانغا يارىشا بىر ماتا كۆينەكنى يېڭىغىنا كىيگەن ئەمەس، بەش تىيىن پۇلنى ئۆز قولى بىلەن خەجلىگەن ئەمەس، باي مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى كۆڭلى غەش بولۇپ ئازابلىنىدىكەن. «مەن ئۆلسەم تەئەللۇقۇمنى بىرگە ئېلىپ كېتەلمەيدىمەن، بەرىبىر ئوغلۇمغا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۇنى تىجارەتكە سالاي، سودا-سېتىق ئىشلىرىغا پىششىپ، پۇل تېپىش يولىنى چۈشەنسۇن» دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە، تاش يۈرەك باي ئاخىرى تەۋەككۇل قىلىپ تېخى يىگىرمە ياشقا كىرگۈچىلىك بىر تىيىن تۇتقۇزمىغان بايۋەچچىگە بىر كۈنى بىردىنلا 1000 تەڭگە بېرىپتۇ ۋە «بۇ پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل» دەپتۇ.

بايۋەچچە «خوپ» دېگىنىچە دەرھال 1000 تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپتۇ. بايۋەچچە دادىسىنىڭ ئەكسىچە يۇمشاق كۆڭۈل ئىكەن. دادىسىنىڭ قاتتىقلىقىدىن رەنجىپ، دۇنيادىن قول سىلكىپ، پەرىشان، سادىدا مىجەزگە كىرىۋالغانىكەن، ئۇ بۈگۈن ئۆمرىدە بولمىغان ئىشنى كۆرۈپ بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ، كوچىدا ھەر ياققا تەكشى قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى بېشىنى پىشۇرۇش ئىكەن. «بۇ 1000 تەڭگىگە بىر نەرسە ئالسام، دادامغا يارىمايدۇ، ئۇ چاغدا دادام تېخىمۇ ماڭا ئارام بەرمەس، زادى نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كېتىپ بارغان بايۋەچچە ئات بازىرى يېنىدىكى ئوچاققا قوي-ئۆچكە بېشىنى پىشۇرۇپ ساتىدىغان زاسۇيپەزلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغىنىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، باياتىن دىمىقىغا پۇرىغان قۇيقا ئۆز بېشىدىكى چاچلىرىنىڭ خىيالىدىكى كۆيگىنى بولماستىن، بەلكى بىر زاسۇيپەزنىڭ تونۇر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاچىماق تۆمۈر زىق بىلەن قوي-ئۆچكە باشلىرىنى ئۆكلەۋاتقانلىقتىن چىقىۋاتقان تۈتۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يوقاتقان بىر نەرسىسىنى تاپقاندەك «ئۇستام» دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ.

— ھە، — دەپتۇ ئۇستا.

بايۋەچچە قولىدىكى 1000 تەڭگىنى زاسۇيپەزگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— دادام مېنى «بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل» دەپ مۇنۇ تەڭگىنى بەردى. بۇ پۇلنى سىلى ئېلىپ، مېنىڭ بېشىمنى ئوبدان پىشۇرۇپ قويغان بولسىلا، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

زاسۇيپەز، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن سادىدا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ دېگىنىچە قىلىپ 1000 تەڭگىنى ئالمايمەنمۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، بايۋەچچىنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ قويۇشقا رازى بوپتۇ. 1000 تەڭگىنى ئالغان زاسۇيپەز تونۇرنى راسا قىزىتىپ، بايەچچىنى گەدىنىدىن بېسىپ تۇرۇپ ئوتقا تۇتقانىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرى پاژ-پۇژ قىلىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ، زاسۇيپەز:

— ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈر، — دەپتۇ، بايۋەچچە

«ياخشىراق پىشتىمۇ؟» دەپ بېشىنى سىيلاپ باقماقچى بولغانىكەن، ئۇسسىقتىن بېشىغا قول تەگكۈزەلمەپتۇ. ئۇ «رەھمەت ئۇستام» دەپ بۆكنى قولىدا تۇتقان پېتى دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە دادىسىغا قاراپ:

— قارا دادا، بېشىم ياخشىراق پىشتىمىكىن؟ مېنى ئەجەب مۇشەققەت بىر ئىشقا بۇيرۇپسەن، — دەپتۇ. باي ئوغلىنىڭ بېشىغا قاراپ:

— ھە ئەخمەق، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۆزۈڭ شۇنداق دېدىڭغۇ؟! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بايۋەچچە.

— مەن بېشىڭنى كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇمىغاندىم؟ — دەپتۇ باي.

— بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپتۇ بايۋەچچە.

باينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بالىسىنى چاپسانراق ئۆزىگە ئوخشاش قاتتىق ئادەم قىلىش مەقسىتى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپتۇ. باي دەرھال ئاشخانا ئۆيىنىڭ مورىسىنى سۈپۈرۈپ، بىر قاپاقنىڭ پارچىسىغا سېلىپ ئۇنىڭغا ئاز-ماز زاغۇن يېغى قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بايۋەچچىنىڭ بېشىغا سۈركەپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن بايۋەچچىنىڭ بېشى مىس باش بولۇپ قاپتۇ. باي ئويلا-ئويلا ئاخىرى، «ئۆلسەم، دۇنيا ھامىنى مۇشۇ بالىغا قالىدۇ. بۇزسىمۇ-تۈزىسىمۇ ئىش قىلىپ ئۇنى بىر يولغا سېلىش كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ئوقۇتمىغان ئىكەنمەن. خەير، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، پۇشايماننىڭ پايدىسى يوق، ھەر ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ، مېنىڭ بالام ئوقۇمىغان بىلەن بىزدە پۇل كۆپ. ‹پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ›، ‹گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن› دېگەن گەپمۇ بارغۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بالىسىنى سودىگەرچىلىككە سالماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاڭنىڭ ئېتىشى، كۈننىڭ ئولتۇرۇشى باينى قىرنىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىدىن بىرەرىنىڭ چۈشۈشى ئۆمرىدىن بىر كۈن كەملىگەندەك تۇيۇلىدىغان، قاتتىق-يۇمشاق ھەر بىر نەرسىنىڭ تاۋۇشى ئاخىرەتكە تەكلىپ قىلغاندەك بولۇپ ئاڭلىنىدىغان بوپتۇ.

باي ئوغلىغا 1000 تەڭگە بېرىپ:

— سەن بۇ پۇلنى ئېلىپ بازارغا چىققىن، بىر نەرسىنى ئەرزان باھادا ئېلىپ قىممەت باھادا ساتساڭ، ئاندىن بېشىڭ پىشىدۇ، — دەپتۇ.

بايۋەچچە پۇلنى ئېلىپ بازار ئارىلاپتۇ، كۆڭلىگە ياقىدىغان نەرسە تاپالماي ھەر ياقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بازارنىڭ سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قاپتۇ، قارىسا، بىر توپ بالىلار بىر ئىتنى بوينىدىن باغلاپ ئويان-بۇيان تارتىپ ئۆلتۈرگىلى ئاز قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بايۋەچچە:

— ھەي بالىلار، بۇ ئىتنى ماڭا سېتىڭلار، قانچە دېسەڭلار ئالىمەن، — دەپتۇ.

— 1000 تەڭگىگە ساتىمىز، — دەپتۇ بىرى ئويناپ

بايۋەچچە بۇنى ئاڭلاپ:

— مانا 1000 تەڭگە، — دەپ ئىتنى سېتىۋاپتۇ-دە، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. دادىسى بۇنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ، نەسىھەت قىلىپ، 1000 تەڭگە بېرىپتۇ. بايۋەچچە ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە يەنە ھېلىقى جايغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بالىلار بىر مۈشۈكنى ئويناپ يۈرۈپ ئىتنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغانىكەن، بايۋەچچە دەرھال 1000 تەڭگىگە مۈشۈكنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ، دادىسى ناھايىتى ئامالسىز يەنە 1000 تەڭگە بېرىپتۇ. بايۋەچچە بۇ 1000 تەڭگىنى ئېلىپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن دادىسىغا:

— ھەي دادا، مەن ھەر نۆۋەت قىلىپ كەلگەن سودامنى ياقتۇرمايسىز، ئەمدى ئالىدىغان نەرسىنى ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. باي ئويلىنىپ:

— بازارغا بار، بازاردا نېمە كەم بولسا شۇنى ئال، نېمە كۆپ بولسا ئۇنى ئالما، — دەپتۇ. بايۋەچچە بۇ قېتىم بازار رەستىلىرىنى تەكشى ئارىلاپتۇ. دادىسىنىڭ «نېمە ئاز بولسا شۇنى ئال» دېگەن گېپىگە توغرا كەلگۈدەك نەرسە ئىزدەپ يۈرۈپ، يەنە ھېلىقى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قاپتۇ. ئەمدى قارىسا، بالىلار بىر يىلاننىڭ بالىسىنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ «سا... سا... سا...» دەپ ئاسمانغا ئېتىپ ئويناۋاتقان ئىكەن. بايۋەچچە دادامنىڭ ئېيتقىنى دەل مۇشۇ يىلان بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەپتۇ. چۈنكى، يىلان بازاردا كۆپ ئۇچرىمايدىغان نەرسە ئىكەن. دەرھال بالىلاردىن يىلاننىڭ باھاسىنى سوراپتۇ.

بايۋەچچىنىڭ 1000 تەڭگىسىگە ئۆگىنىپ قالغان بالىلار-
نىڭ ئاغزىغا 1000 تەڭگىدىن باشقا سۆز كېلەمدۇ؟ باي-
ۋەچچە ئۇنى 1000 تەڭگىگە سېتىۋېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ، دا-
دىسى يىلاننى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ:

— سەن 4000 تەڭگىنى يوق قىلدىڭ، ئەمدى قالغان
مال-دۇنيا كىمگە قالسا قالسۇن، ئەمما ساڭا تۇتقۇزماي-
مەن. مېنىڭ ساڭا ئوخشاش بالام يوق. نەگە بارساڭ بار.
ئىككىنچى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلمە، — دەپ ئالغان نەرسە-
لىرى بىلەن بايۋەچچىنى ئۆيدىن ھايداپ چىقىرىپتۇ. باي-
ۋەچچە ئۆيدىن چىققان بويى بېشى قايغان تەرەپكە مېڭىپ-
تۇ. ئىت، مۈشۈك، يىلان ئۇنىڭ ھەمراھى بوپتۇ، كېچىلە-
رى ئىت ئۇلارنى كۆزەت قىپتۇ. لېكىن، قورساق ئاچقان-
سېرى بايۋەچچىنى غەم بېسىپتۇ. ئاخىرى نېمە قىلىشنى
بىلمەي يۈرۈپ بىر قومۇشلۇققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا
قوينىدىكى يىلان بېشىنى چىقىرىپ زۇۋانغا كېلىپ:

— نېمە غەمدە قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بايۋەچچە
بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ جان بېقىشنى بىلەلمەي
غەمدە قالغانلىقىنى دەپتۇ. يىلان بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— غەم قىلما، مەن بولسام يىلانلارنىڭ پادىشاھىنىڭ
بالىسى. شاھ ئاتامنى «شاھى ماران» دېسە بىلمەيدىغىنى
يوق. سەن مېنى سېتىپ ئالغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق
ئاقىۋەتكە قالغانلىقىڭنى مەن ياخشى بىلىمەن. مانا بۇ كۆ-
رۈنگەن قومۇشلۇقنىڭ ئۇ ياقىدىكى دۆڭلۈكتە ئاتامنىڭ
ئوردىسى بار. مېنى شۇ يەرگە ئېلىپ بار. ئاتامغا مەن
ئەھۋالنى بايان قىلىمەن. ئاتام ناھايىتى مەرد پادىشاھ،
سېنى ھېچ ۋاقىتتا قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ. مۇبادا تەلە-
يىڭ ئوڭ كېلىپ، ئاتام سەندىن «نېمە تەلىپىڭ بار؟»
دەپ سورىسا، سەن ئاتامغا: «مەن بىر نەرسىنى سورىماق-
چى ئىدىم، لېكىن ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن» دە، ئاخىرى
ئاتام «گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم، سورايدىغىنىڭنى سورا»
دەپ قالسا، سەن شۇ چاغدا قورقماستىن تۇرۇپ «بېشىڭ-
دىكى مۆڭگۈزۈڭنى تىلەيمەن» دە. مانا شۇ چاغدا مۆڭگۈز
قولۇڭغا كىرسە، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ ھەل بولىدۇ، نېمىنى
ئارزۇ قىلساڭ شۇ قولۇڭغا كېلىدۇ، — دەپتۇ. بايۋەچچە
مىس بېشىنى تاتىلاپ، ئەندىشە قىلغاندەك بوپتۇ. كېيىن
تەۋەككۇل دەپ يىلاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قومۇشلۇق-
نىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ دۆڭلۈككە قارىغۇدەك بولسا،
دۆڭلۈكنىڭ ئۈستى خۇددى بەيگە مەيدانىدەك تۈپتۈز
بولۇپ، مەيدان ئۈستىدە يېيىلىپ يېتىپ كەتكەن يىلانلار-
نىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن بايۋەچ-
چە قورقىنىدىن قاچماقچى بوپتۇ. يىلان شاھزادىسى
ئۇنىڭ قوينىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، بايۋەچچىگە
قاراپ:

— سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، بۇ يىلانلار ئاتامنىڭ
ئەسكەرلىرى، ئاتام مۇشۇ دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ
تاشنىڭ يېنىدىكى ئوردىدا، مەن سەندىن بۇرۇن ئاتامنىڭ
ھۇزۇرىغا كىرىپ خەۋەر قىلاي، ئىجازىتىدىن كېيىن سېنى
ئېلىپ كىرىمەن، — دەپ يىلان پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا
قاراپ مېڭىپتۇ. شاھزادە ئۆتۈپ كەتكۈچە يىلانلار باشلى-
رىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشۇپ-
تۇ. شاھزادە ئاتىسى شاھى مارانىڭ ئالدىغا كىرىپ كۆرۈ-
شۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدىن چىقىپ ساياھەت
قىلىپ شەھەرمۇشەھەر، دەريامۇدەريا يۈرۈپ تاماشا قىل-
ماقتا ئىدىم. شۇ جەرياندا كىچىك بىر ئېرىققا كىرىپ قالغا-
نىكەنمەن، بىر قانچە ئوششاق بالىلار قۇيرۇقۇمدىن
تۇتۇپ ئاسمانغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قوياي دېگەندى. شۇ
چاغدا بىر ئادەم ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ھېلىقى بالىلاردىن
1000 تەڭگىگە سېتىۋېلىپ مېنى ئازاد قىلدى. ئۇ ئادەم-
نىڭ ئاتىسى بولسا 1000 تەڭگىگە ئاغرىنىپ بالىسىنى
ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ بې-
چارە مېنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قويىمەن دەپ، ئاچ-زار-
لىقتا بۇ چۆللۈكتە ئاۋارە بولۇپ مىڭ مۇشەققەتتە بۈگۈن
بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ھازىر تاشقىدا سىزنىڭ دەرگاھ-
ىڭىزغا كىرىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، — دەپ بېشىدىن
ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھى ماران
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— بالام، سەن بىلمەيسەن، ھېچقاچان ئادەم بالىسى-
دىن بىزگە ۋاپا كەلمەيدۇ. سەن ئالدانما، — دەپتۇ.
يىلان شاھزادە:

— ئەي ئاتا، ئەگەر بىرەر سىرلىق، مەخپىي ئىش

بولسا، ئۇ چاغدا ئالداندى دېسىڭىز بولاتتى، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتتۈلگەن ئىشلار، بۇنىڭ ھېچقانداق يالغىنى يوق، — دەپتۇ.

شاھى ماران ئوغلىغا ئىشىنىپ بايۋەچچىنى كىرىشكە ئەمىر قىپتۇ. بايۋەچچە پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شاھى ماران ئۇنىڭغا:

— نېمە تەلىپىڭ بار؟ مېنىڭ بالامغا ياخشىلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن خالىغىنىڭنى بېرەي، — دەپتۇ، بايۋەچچە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بېشىڭىزدىكى مۆھۈگۆزىڭىزنى سورايمەن، — دەپتۇ، شاھى ماران ئاچچىقلىنىپ ئوغلىغا قاراپ:

— مەن ئېيتمىدىممۇ، ئادەم بالىسىدىن ۋاپا كەلمەيدىدۇ. بىراق، مەن بۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن. ۋەدەمدە تۇرمىسام بولماس، ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى تېنىنى پارچە-پارچە قىلىپ ئەسكەرلىرىمگە يەم قىلار ئىدىم. خەير، — دەپتۇ ۋە قىيمىغان ھالدا بېشىدىكى مۆھۈگۆزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۆز مۆھۈگۆزىنىڭ خاسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە بۇ سىرنى قاتتىق ساقلاشنى تاپىلاپتۇ.

بايۋەچچە شاھى ماران ۋە يىلان شاھزادىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ماڭا- ماڭا بىر چۆل- جەزىرىگە يېتىپ كەپتۇ. يىلان مۆھۈگۆزى قولغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى ساددا، نادان بايۋەچچە ئەمەس، بەلكى ھەممە ئىشقا ئەقلى يېتىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ھېلىقى چۆل- جەزىرىگە بىر شەھەر بەرپا قىلماقچى بوپتۇ ۋە شەھەرنىڭ شەكلىنى سىزىپتۇ. ئاندىن يىلان مۆھۈگۆزىگە قاراپ «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەنگۈشتىرىم بولسۇن، شۇ چۆللۈكتە ئاشپەز، ناۋاي، سودىگەرلىرى بار بىر شەھەر بىنا بولسۇن» دەپ بىر ئاز يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بىر ۋاقىتتا شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنى ناھايىتى ئاۋات بىر شەھەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈپتۇ. ھەر خىل كاسىپلار ئۆز مېلىنى ماختاپ سېتىۋاتقان، خېرىدارلار ئەرزان ئېلىش ئۈچۈن باھا تالىشىۋاتقان، كوچىلاردا ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن، ئىچكىرىدىكى شەھەر ئىچىدە پادىشاھ ئۈچۈن كاتتا ئوردىمۇ بىنا قىلىنغانىكەن.

بىر كۈنى شەھەر ئەھلى يىغىلىپ ئۆزلىرىگە بىر پادىشاھ سايلىماقچى بولۇشۇپتۇ ۋە مىس باش بايۋەچچىنى پادىشاھلىققا سايلىشىپتۇ. مىس باش پادىشاھلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشنى ناھايىتى ئادىل ۋە توغرا بىر تەرەپ قىپتۇ. شۇڭا خەلق ئۇنى ئالقىشلاپتۇ. ئۇ يىلان مۆھۈگۆزىنى قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى شەھەر ئاھالىسى مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ. يېقىندىكى بىر شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ جامالىدىن ئون بەش كۈنلۈك ئايمۇ خىجالەتتە ئىكەن. ئۇ پەم- پاراسەتلىك، ساددا ئۆسكەن قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە شەھەر پادىشاھلىرى ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مەلىكە قوبۇل كۆرمىگەنىكەن. شەھەر خەلقى پادىشاھقا ئەنە شۇ قىزنى لايىق كۆرۈشۈپ، بۇ نىيەتلىرىنى پادىشاھقا بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى سوراپتۇ.

مىس باش پادىشاھ قوشنا پادىشاھ قىزىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزى قىلماقچى بوپتۇ- دە، ئۇلارغا:

— بۇ مەسلىھەتڭلار ياخشى بوپتۇ. بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن مەلىكىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ- دە، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ يىلان مۆڭگۈزىگە قاراپ: «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەنگۈشتەرىم بولسۇن، قوشنا پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە دەرھال ھازىر بولسۇن» دېگەنىكەن. مەلىكە شۇ زامان ھازىر بوپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ جامالى كىشىلەر ئېيتقاندىنمۇ گۈزەل ئىكەن. مىس باش پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ يەتتە كېچە- كۈندۈز توي- تاماشا قىلىپ مەلىكىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى شادلىققا چۆمۈپتۇ. شەھەر خەلقى كۈندىن- كۈنگە تېخىمۇ مەمۇرچىلىققا تولۇپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى بولغان قوشنا شەھەرنىڭ پادىشاھى قىزىنىڭ يوقالغانلىقىدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ھەر تەرەپكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ، قىزىنىڭ چۆلدىكى يېڭى شەھەر پادىشاھى مىس باشنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشقا ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىپ، تېزدىن لەشكەر تارتىپ يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەپتۇ. يېڭى شەھەر خەلقى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۇنى بۇ

ئىشتىن خەۋەردار قىپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئېيتىپتۇ. مىس باش پادىشاھ ھېچ ئىش بولمىغىنىدەك يۈرۈۋېرىپتۇ. خەلق ئىچىدە قورقۇش كۆچىيىپتۇ. «مانا كەلدى، ئەنە كەلدى، شەھەرگە بېسىپ كىرىدىكەن» دېگەن سۆزلەر كۆپىيىپتۇ. دۈشمەن قوشۇنى شەھەرگە بىر چاقىرىم قالدى، دېگەن خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن مىس باش پادىشاھ مەن ئۆزۈم چىقىپ كۆرەي، دەپ ئوردىسىنىڭ ئېگىز پەشتىقىغا چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، شەھەر تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلىنغان بولۇپ، قارشى تەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن بۇ شەھەرنى ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا بىر خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارغا لەشكەر بىلەن تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مىس باش پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغاندا، ھېلىقى لەشكەرلەر ئارىسىدىن «مانا پادىشاھى چىقىپتۇ، ھۇجۇم قىلايلى» دېگەن قىقاس-چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ، پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا، نەيزە، ئوقيالار ياغدۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ، پادىشاھ قىلچە تەمتىرىمەي يىلان مۆڭگۈزلۈك ئۈزۈككە قاراپ: «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەنگۈشتەرىم بولسۇن، ئاشۇ لەشكەرلەر قولىرىنى تەڭلىگەن بويىچە بىر قەدەم مىدىرلىماستىن ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالسۇن» دېگەنىكەن، دۈشمەن لەشكەرلىرى شۇ چاغدا قانداق ھالەتتە بولغان بولسا شۇ پېتىچە تاياقتەك قېتىپ قاپتۇ، شەھەرخەلقى بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ. ھېلىقى لەشكەرلەر شۇ پېتىچە ئۈچ كېچە-كۈندۈز قىمىر قىلماي تۇرۇشۇپتۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ مىدىر-سىدىر قىلشالماپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن مىس باش پادىشاھ يىلان مۆڭگۈزلۈك ئۈزۈككە قاراپ: «پالىم پال بولسۇن، قولۇمدا ئەنگۈشتەرىم بولسۇن شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغۇچى لەشكەرلەر ئارقىغا يانسۇن، ھەرگىز ئالدىغا باسمىسۇن» دەپتۇ. شۇ ھامان ھەممە لەشكەرلەر ئەسلىي ھالىتىگە كەپتۇ، ئاتلىرىنى شەھەر تەرەپكە بۇرىسا بىر قەدەممۇ ماڭماپتۇ، ئۆز شەھىرى تەرىپكە بۇرىسا شۇنداق تېز مېڭىپتۇ. ئۇلار ئەلاجسىزلىقتىن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ، پادىشاھ بۇ ئىشنى جادۇ يولى بىلەن ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ مۇشۇ شەھەردىن مەككارلىقى بىلەن داڭق چىققان بىر جادۇگەر كەمپىرنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. پادىشاھ جادۇگەرگە مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن جادۇگەر موماي «ھېلىغۇ بىر مىس باش ئىكەن، يەر يۈزىنىڭ ھەممىسىگە مىس باش تولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ» دەپ ۋەدە بېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

جادۇگەر كەمپىر بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھېلىقى چۆلگە بىنا قىلىنغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ دەسلەپ شەھەرگە كىرمەستىن شەھەر ئەتراپىدىكى جاڭگاللاردا ئىبادەت قىلىپ، كىشىلەر بىلەن ئانچە-مۇنچە ئۇچرىشىپ، ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن بۇۋى كۆرسىتىپ يۈرۈپتۇ. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە بۇۋى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ئۇلغىيىپ قاپتۇ. بەزى ئادەملەر ئاز-تولا ساۋاب تاپماقچى بولۇپ ئۇنى ئىزدەيدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىر-ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جادۇگەر كەمپىر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ بەزى كىشىلەر ئۇنى ئايىغاقچى بولۇشى مۇمكىن دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى ھەر كۈنى كېلىپ بۇ يەردە خالىس ئەمگەك قىلىۋاتسا، ھېچكىمدىن ھەق تەلەپ قىلمىسا قانداقچە ئايىغاقچى بولىدۇ، دېيىشىپتۇ. جادۇگەر ئاستا-ئاستا ئوردا ئىچىنىمۇ سۈپۈرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋال مىس باش پادىشاھنىڭ كۆزىگىمۇ بىر قانچە قېتىم چېلىقىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ كەمپىردىن ھەر كۈنى ئوردىنى سۈپۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ:

— مەن بولسام ئاخىرەتنى دەپ ئۆز-ماكاندىن ئايرىلىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، چۆل-باياۋاندا يۈرگەن بىر بۇۋى ئىدىم، يېقىندا خىزىر چۈشۈمگە كىرىپ قالدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام چۈشۈمدە ماڭا جانابىڭىزنى كۆرسىتىپ، «سەن ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىل، قاچان پادىشاھ خىزمىتىڭدىن رازى بولسا، سېنىڭ ھاجىتىڭنى راۋا قىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئوردىنىڭ ئىچى-تېشىنى سۈپۈرۈۋاتىمەن، مەلىكەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمانىم يوق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەسلەپتە بۇ بىر مەككار بولمىسۇن يەنە دەپ ئۇنىماپتۇ. ئەمما، جادۇگەر كەمپىر

قايتا-قايتا يىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ.

كەمپىر پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرگەندىن كېيىن بىر قانچە ئايغىچە ھېچقانداق سىر بەرمەي، بەجانىدىللىق بىلەن مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ، باشقا ۋاقىتلاردا بولسا، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مەلىكىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇ مەلىكىدىن ئۇستىلىق بىلەن سىر ئالماقچى بوپتۇ.

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، — دەپتۇ كەمپىر، — سىلىنىڭ پېشانىلىرى ئوڭ، دۆلەتلىرى زىيادە ئىكەن، سىلى پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشكىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ قانداق قىلىپ تېپىشىپ قالدىڭلار؟

مەلىكە:

— مەن ئۆز ئۆيۈمدە ئىدىم، بىر كۈنى ئىچكىرى ئۆيدىن تاشقىرى ئۆيگە چىقىپ كېلىۋېتىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، بىر ئاز كۆڭلۈم ئايىنغاندەك بولدى. ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىقى ئۆيگە ئەمەس، مانا مۇشۇ ئوردىغا كېلىپ قاپتىمەن. بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىككى يىل بولدى، ئەمما قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ، جادۇگەر:

— بۇنىڭ سىرىنى پادىشاھدىن سوراپ كۆرمىدىلىمۇ؟ — دېگەنىكەن، مەلىكە سوراپ كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقىڭلاردا ئانچە ئىشەنچ يوق ئىكەن، — دەپتۇ جادۇگەر. بۇ گەپتىن ھەيران بولغان مەلىكە:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئەر-خوتۇن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ناھايىتى سادىق، — دەپتۇ.

— ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە ئىشەنچ قىلسا، بىر-بىرىدىن سىر يوشۇرمايدۇ. سىلى ئەرلىرىدىن شۇ سىرنى سوراپ باقسىلا، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سادىقلىقىنى سىناپ باقماملا، — دەپتۇ جادۇگەر.

سۆتەك ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىپ، بىر ياستۇققا باش قويۇشۇپ ياتقان، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خۇشال بىر كېچىسى، مەلىكە ئېرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭدا نېمە سىر بار ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ، پادىشاھ:

— ھەي مەلىكەم، بۇنى مەندىن سورىمىغىن، — دەپ ئېيتىپ بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. مەلىكە پادىشاھقا «ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، ماڭا ئىشەنچ قىلسىڭىز، ئېيتىپ بېرىڭ» دەپ قايتا-قايتا يىلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر مەس باش پادىشاھ:

— مەندە بىر يىلان مۇڭگۈزى بار، ئۇنى قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئورنىتىۋالغان، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشىمنى شۇنىڭغا ئىلتىماس قىلسام، ئىشلىرىم شۇ ھامان ھەل بولىدۇ، — دەپ سىرنى ئاشكارىلاپتۇ. مەلىكە بۇ سىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىغا ئىشىنىپتۇ. بىر كۈنى جادۇگەر كەمپىر مەلىكىگە:

— بېشىڭىزنى بېقىپ قوياي، — دەپتۇ. مەلىكە:

— بېشىمدا ھېچ نەرسە بولمىسا، بېشىمنى باققۇزۇپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ. جادۇگەر:

— كېلىڭ قىزىم، «ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدا كۆلگە بىرىپ توخۇ پىتلايدۇ» دېگەن گەپ بار. مەيلى بېشىڭىزدا بىر نەرسە بولسۇن-بولمىسۇن بېقىپ قوياي. خوتۇن خەقلەر ئەتىيازدا باش بېقىشىدۇ، مومايلار چۆچەك سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئادەتتە بار ئىشلار. سىز خوتۇنلارغا كۆپ ئارىلاشمىغان ھەم ئۆزىڭىز ياش، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك. يېنىمغا كېلىڭ، تىزىمغا بېشىڭىزنى قويۇڭ، — دەپتۇ. مەلىكە جادۇگەرنىڭ تىزىغا بېشىغا قويۇپ يېتىپتۇ. كەمپىر مەلىكەمگە تۈرلۈك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن بوپتۇ. ئۇياقتىن-بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئاستا-ئاستا كوچىلاپ يۈرۈپ يىلان مۇڭگۈزى توغرىسىدىكى سىرنى تولۇق ئاڭلىۋاپتۇ. سىر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، جادۇگەر كەمپىرنىڭ پۈتۈن پىكىر-خىيالى ئەنە شۇ ئەنگۈشتەرنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش بوپتۇ، يەنە بىر كۈنى مەلىكىگە:

— ئەر كىشىگە ئىشىنىپ بولمايدۇ. سىزنى خوتۇنۇم دەپ يۈرگەن بىلەن سىزنى ئۆيدە قويۇپ،باشقا مەلىكىلەرنى ھازىر قىلىپ، ئەيش-ئىشرەت قۇرۇپ، يەنە جايىغا قايتۇرۇۋەتسە ئۇنى كىم بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەنگۈشتەرنى ئۆزىڭىزنىڭ ساقلىغىنىڭىز تۈزۈك، — دەپ مەلىكىنى ئەن-

ىدىشگە ساپتۇ. مەلىكە:

— بىز بىر-بىرىمىزگە ئامراق، پادىشاھ ئاق كۆڭۈل، ديانەتلىك ئادەم. ئۇ ھەرگىزمۇ ناشايان ئىشلارنى قىلمايدۇ، — دەپتۇ. جادۇگەر كەمپىر مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

— ئەگەر سىز شۇنداق ئويلىسىڭىز بوپتۇ ئەمسە، لېكىن كېيىنكى پۇشايمىنىڭىز ئۆزىڭىزگە دۈشمەن بولۇپ قالسا بولىدى. ئاجىزلار — ئاجىزلارنىڭ قاياشى، مەن سىزنىڭ كېيىنكى كۈنلۈكتە بارماق چىشلەپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى مۇنداقلا ئېيتىپ قويدۇم، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە چوڭقۇر غەمگە چۈشۈپتۇ، زادى پادىشاھتىن يىلان مۈڭگۈزلۈك ئۆزۈكنى ئېلىش-ئالماسلىقنى قايتا-قايتا ئويلىنىپ ئۆز-ئۆزىگە: «ئەر كىشىنىڭ نەپسى زىيادە بولىدۇ. بەلكىم ئەقىللىق، تەجرىبىلىك بۇۋىمىنىڭ بىر ئىشقا كۆزى يېتىپ ماڭا خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈپ دېگەن سۆزىدۇر بۇ. ھەر نېمە بولسا سوراپ كۆرەي. قوبۇل كۆرۈپ ئۆزۈكنى ماڭا بەرسە، تېخى ياخشى، بەرمىسە مەيلى. بەك تالىشىپمۇ تۇرماي» دەپتۇيۇ، يەنە ئارىسالدا بولۇپ، «مەن بولسام پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنى تۇرۇقلۇق نېمىشقا سورىمايمەن، پادىشاھمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويىدىغان ئانچە تاش يۈرەك ئەمەستۇ» دېگەن خىياللار بىلەن ئاخىرى ئۇنى سوراشقا ۋە ئېلىشقا قارار قىپتۇ. پادىشاھمۇ نائىلاج مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئەنگۈشتەرنى مەلىكىگە بېرىپتۇ ۋە ئۇنى قاتتىق ساقلاشنى تاپىلاپتۇ. ئەنگۈشتەرنىڭ مەلىكەمنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى ئۇققان جادۇگەر كەمپىر، ئۇنى قانداق قولىغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى قۇرۇپتۇ. جادۇگەر كەمپىر ئۆزىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇلايىم، كۆيۈمچان، دىندار كۆرسىتىپ ئەتىسى-ئاخشىمى مەلىكىگە دىنني ئەقىدىلەردىن تەلىم بېرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كەمپىر ئادەتتىكىدەك مەلىكەمنىڭ بېشىغا سۇ قويۇش ئۈچۈن تەييار بوپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە قولىدىكى ئۆزۈكنى چىقىرىپ تەكچىگە قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلگەن جادۇگەر كەمپىر ئۆزۈكنى قولىغا ئېلىپلا ئوردىدىن چىقىپ، ئۆلە-تىرىلىشكە باقماي شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ، شەھەردىن چىقىشى بىلەنلا بايەقى ئاۋات شەھەر ئۆز-ئۆزىدىنلا كۆزدىن غايىپ بولۇپ شەھەرنىڭ ئىزىمۇ قالماپتۇ، مەلىكىمۇ يوقاپتۇ. پەقەت مىس باش بايۇەچچە ئۆزىنىڭ ئىت-مۈشۈكى بىلەن ئەسلىدىكى چۆل-باياۋاندا قاپتۇ.

ئۈچ يىلدىن بۇيان پادىشاھ بولۇپ بەختلىك تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان مىس باش ئەمدى ئۈچرىغان ئەرسىلەرنى تېرىپ يەپ جان بېقىشقا باشلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئورۇقلاپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ، ئۆلەر ھالەتكە كەپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ قۇتقازغۇچىسىنىڭ مۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئىت، مۈشۈك مەسلىھەتلىشىپ، «ھەر بىرىمىزنى 1000 تەڭگىدىن پۇلغا سېتىپ ئالغاندى. يىلان بولسا ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلدى. ئەمما، بىز ھېچقانداق خىزمەت كۆرسىتەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىم بىز بېرىپ يىلان مۈڭگۈزلۈك ئۆزۈكنى تېپىپ كېلەيلى» دېيىشىپ، مىس باشتىن ئىجازەت ئېلىپ يولغا كېتىپتۇ. بۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ مەلىكەمنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئىت قۇشخانىغا بېرىپ جان بېقىپتۇ. مۈشۈك بولسا، شەھەر ئىچىگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى تېپىپ ئوردىغا كىرىپتۇ، ئۇ يەردە ھەممە نەرسىگە زەڭ سېلىپ يۈرۈپتۇ. بۇ كۈنلەردە مەلىكىنىڭ دادىسى بولمىش پادىشاھ يىلان مۈڭگۈزنى ئۆزۈكتىن ئاجرىتىپ ئاغزىغا سېلىپ ساقلاپ يۈرگەنىكەن. بۇنى سەزگەن مۈشۈك پادىشاھقا ئەركىلەپ-سۈركىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك ئوردىنىڭ مۈشۈكى بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانكەن. مۈشۈك قۇيرۇقىنى سۇغا چىلاپ كېلىپ ئەپ بىلەن پادىشاھنىڭ بۇرنىغا تىقىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق چۈشكۈرۈپتۇدە، يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمما ئۆزۈك پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ تەختنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. تەختنىڭ تېگىدە بىر مۇنچە چاشقانلار ئويناپ يۈرگەنىكەن، بىر چاشقان مۈشۈكتىن بۇرۇنراق كېلىپ ئۆزۈكنى چىشلىگىنىچە تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆزۈكنى ئېلىپ قاچقان چاشقانلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن. بۇنى كۆرگەن مۈشۈك ئۆزۈكنى چاشقانلاردىن ئېلىش ئامالىنى ئىزلەپتۇ. ئۇ چاشقانلار پادىشاھى كىرىپ كەتكەن تۆشۈكنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى

MIRAS

يۇمغان ھالدا يېتىپ، «مەن ئۆزۈم موللا مۇشۇك، چاشقان يېسەم توۋامەن» دەپ يېتىۋېرىپتۇ. سىرتقا چىققان چاشقانلاردىن بىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئەھۋالنى پادىشاھىغا خەۋەر قىپتۇ. چاشقانلار پادىشاھى بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ. چاشقانلار توپ-توپى بىلەن تۆشۈكتىن چىقىپ كىرىپ يۈرۈپتۇ، ئەمما مۇشۇك چاشقانلارغا قاراپمۇ قويماي پەرۋاسىز يېتىۋېرىپتۇ. چاشقانلار پادىشاھى:

— ھەي باللىرىم، مۇشۇكنىڭ چاشقان يېمەيدىغىنى نەدە بولسۇن! ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى مەككارلىق، ھەرگىز ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار! — دەپتۇ. لېكىن، باشقا چاشقانلار بۇنىڭغا قوشۇلماي مۇشۇكنى ئاقلىغىلى تۇرۇپتۇ. باشقىلارنى قايىل قىلالمىغان چاشقانلارنىڭ پادىشاھى:

— «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان قاماقتىكى چاشقانلاردىن بىرنى چىقىرىپ كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ. بۇ سۆز ھەممىسىگە يېقىپتۇ. ئەگەر بۇ گۇناھكار چاشقان مۇشۇكتىن سالامەت قالسا، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئازاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى مۇشۇكنىڭ يېنىغا چىقىرىپتۇ. زىنداندىن چىققان چاشقان ئاستا مۇشۇكنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىن بىر-ئىككى قېتىم ئۆتۈپ كۆرۈپتۇ. مۇشۇكتىن پەرۋاسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇشۇكنىڭ بويۇنلىرىغا مىنىپ-چۈشۈپ، سەكرەپ خىلى ئويۇنلارنى قىپتۇ. مۇشۇك بولسا، چاشقانغا پەرۋا قىلماي ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپتۇ. تۆشۈك ئاغزىدا ماراپ تۇرغان چاشقانلار پادىشاھى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشەنچىسى ئېشىپ، مۇشۇكتىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئىككى ۋەزىرنى ئەگەشتۈرۈپ ئاستا سىرتقا چىققانىكەن، مۇشۇك بىردىنلا ئېتىلىپ، ئاغزىدا چاشقانلار پادىشاھىنى، ئىككى قولىدا چاشقانلارنىڭ ئىككى ۋەزىرىنى تۇتۇپ ئاپتۇ. قالغان چاشقانلار قورقۇنىدىن پېتىراپ كېتىپتۇ. مۇشۇك بۇ چاشقانلارنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ ئىتنىڭ قېشىغا كەپتۇ. مۇشۇك بىلەن ئىت جەم بولۇپ، بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر دەرياغا يېتىپ كەپتۇ. ئىت مۇشۇكنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. ئىت دەريادىن ئۆتكۈچە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈكنى ئۆزىگە بېرىشنى، ئەگەر بەرمىسە، مۇشۇكنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مۇشۇك ئىلاجى يوق ئۈزۈكنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئىت ئەنگۈشتەرنى ئاغزىغا سېلىپ، مۇشۇكنى بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئالدىدا بىر بېلىقنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بېلىقنى چىشلىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، بىر بېلىق ئۈزۈكنى كاپ قىلىپلا يۇتۇۋاپتۇ. ئىتنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان مۇشۇك بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا مۇشۇك ئىتقا قاراپ:

— ھازىر قورساق ئاچتى. بىز ئاۋۇ كۆرۈنگەن بېلىقچىدىن بىر بېلىق ئېلىپ يەيلى، — دەپتۇ. قورسىقى ئاچقان ئىت بۇ گەپكە دەرھال قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بېلىقچىنىڭ ئالدىغا قارىسا، ھەممە بېلىقلار سۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېغىزلىرىنى ماكىلدىتىپ، سۇنىڭ تەشنالىقىدا تىپىرلاۋاتقانىكەن. پەقەت ئۈزۈكنى ئاغزىغا ئېلىۋالغان بېلىقلا ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن مۇشۇك ئاشۇ بېلىقنى ئېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئىت «باشقا بېلىقنى ئالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار بىر ھازا تاشلاشقاندىن كېيىن، مۇشۇكنىڭ دېگىنى بويىچە ھېلىقى بېلىقنى سېتىۋاپتۇ. بېلىقنىڭ بېشىنى مۇشۇك ئاپتۇ، قالغان گۆشلۈك يېرىنى ئىتقا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مۇشۇك ئىتقا تۇيدۇرماي ئۈزۈكنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇلار بېلىقنى سېتىپ ئالغۇچە ئۇرۇشۇپ قالغاچقا، بىر-بىرىگە گەپ-سۆز قىلىشماي يول يۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپ ئاخىرى مىس باشنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مىس باش ئۇلاردىن ئۈزۈكنىڭ دېرىكىنى سورىغانىكەن، ئىت «ياق» دېيىشىگە مۇشۇك:

— مەن تاپتىم، — دەپ تۈۋلىغانىكەن. ئۈزۈك ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئىت مۇشۇكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوغىسى قايناپ مۇشۇككە ئېتىلىپتۇ. مۇشۇك شۇ قاچقىنىچە بىر جاڭگاللىققا بېرىپ، بىر تۈپ ئېگىز دەرەخنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋاپتۇ. مۇشۇك دەرەختىن چۈشمەپتۇ. ئىت مۇشۇكنىڭ دەرەختىن چۈشۈشىنى پايلاپ يېتىۋەرگەنمىش.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىت بىلەن مۇشۇك بىر-بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغانمىش. مۇشۇك شۇنىڭدىن بېرى ئەۋلادلارغا «ئىت قوغلىسا دەرەخكە چىقىۋېلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلغانمىش.

(«ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى)

تەييارلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن








